كانتنىڭ ئۈچۈنچى دەلىلىگە قارشى شۇلىشىنىڭ تېك- شىرشلەرىدەن فايدالانىپ تۇۋەندەگى ئەساسلى تارىخى خۇججەتلەرنى ئالىپ كېلە بىلەمىز: گۇمىر 10.000 ئىشارەسى بولغان ئاتامانى بىلمەيدىر. روماللاردا مىللىئونگە ياراقلى سوز يوق ئېدى، مىللىئون فاقاتغىنا بىرىنچى مەرتەبە ئىتا- لىيادا 1494 يىلى ھېسابدا كورىنە باشلايدى. بىللىئون ۋە ترىللىئون ئاتامالارى XVII عەسردە ئۇچرايدى. مىللىئارد سوزى فەرەنسىيەدە 1830 يىلى مالىيە فەنىدە ئىشكە كرىشەدىر. ھازىردا، XX عەسردە ئېسە كۋادرىللىئون، سېكستىللىئون ۋە بۇلاردان دە يۇقارى ئەعلا سانلار ۋۇجۇدگە چىقىپ دەۋر سۈرۈپ يۈرۈبتىلەر.

. . . . بۇ بۈيۈك كاپىتالىزم مەدەنىيەتىدەن ئارقادا قالغان گوئارا خالقى بولسا شۇ كۈنگە قادار يېگىرمەدەن ئارتىق سانلارنى بىلمەيدى! عەجەبا، مەسئەلەنىڭ مەركەزى قاي يېردە؟!

— مەسئەلەنىڭ ئۈزىنى توغرى ۋە چۇقۇر تۇشۇنىشدە.

ۋەخشىلەر بىلەن كاپىتالىزم ئىشلەپ چىقارىش كۈچلەرىنى سانىشدىرىپ كورۈك؛ ئېسكى يۇنان ياكى روما خوجالىغى، XVIII ھەم XIX عەسىر ئىقتىسادى، تېخنىكەسىنى بىر- بىرى بىلەن قىياس ئېتىك . . .

تەنقىدى تەھلىلىڭىز نەتىجەسىدە ئومۇمى فىكرگە كېلە- سىز: ھەر بىر تارىخى دەۋرىنىڭ روحى عىماراتلارى، شۇ دەۋرىنىڭ ئىشلەپ چىقارىش كۈچلەرى، ئىقتىسادى بىلەن بېلگىلەنەدىر. بەينەلمىلەل مقياسىدا سەۋدا ساتىق ئىشلەرىنىڭ تەرەققىلىنىشى، ئىچكى ۋە تاشقى بازارلارىنىڭ كوپەيىپ كېڭەيىشى، جەمعىيەتنىڭ ئاز قىسمىنى تەشكىل ئېتكەن بايلارىنىڭ قولىدا سەرمايانىڭ ئارتىق دەرەجەدە ئوسە بارىشى - ھېساب علمىنىڭ، كەتتە سانلارىنىڭ يازىلىپ گۈللەشىگە كېڭ يول ئاچدى.

ھەر ياندا ماددى دۇنيا: ئېشىكىڭىزنى ياپساڭىز ئۇ تېرەزەڭىزدەن باسىپ كىرەدىر. تېرەزەڭىزنى بېركىتسەڭىز تام تۈرنەۋىدەن قولىنى چوزادى!

---

*) V شەكلى قولنىڭ باش بارماغىنىڭ بىر تامانغا بۇرىلىپ، قالغان تورت بارماقلارىنىڭ بىرلەشىپ ئىككىنچى ياققا بۇرىلىشىدان چىققان سۈرەتنى كورسەتەدىر، دېمەككە توغرى بولادى.

ئوقۇيسزمى، يازاسزمى، ئشلەيسزمى، فكرلەيسزمى - بارىبىر، ماددى دۇنيادان يوقلۇق عالامىغا «روحلار دەرگاھىگە» قاچىپ قۇتىلىش بولماغان پۇچ ئىش، خام خايال.

كانت - ئىدىئالىست.

ئۇ، بىزنىڭ ياشاپ تۇرغان دۇنيامزنى ناۋمىن ۋە فىنو-مىنلەرگە بولدى؛ ھەر بىر فەنگە رىيازى تۇس بىرەمەكچى بولىپ تىرىشدى. رىيازىياتدا ئىپسە ئەپرىئورىزم عۇنسۇرلەرىنى ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىياتلارىنى كوردى. ئۇنىڭ ئىشلەرىدە مەعلۇم يول ۋە ماقساد بار.

كانت فەلسەفەسىنىڭ ئاساسى نېگزى - خۇدانىڭ بارلىغىنى ئىسبات ئىتىش. ئەخى، ئېممانۇيىل ئۇزى دىيدى- «دىينگە يول بېرمەك ئۇچۇن مىن فەن، بىلىم مەيدانىنى چېكەرەلەدىم» [1])

سۇزۇشنى ئورگەنمەك ئۇچۇن سۇۋغا تۇشمەك فەرز.

رىيازىيات ھازىرغى ئوزىنىڭ مەفھۇمىگە ئېگە بولىشدان ئىلگەرى نېچە مىڭ يىللىق بەشەرىيەت تەجرىبەسىنىڭ ئېلەگىدەن ساۋرىلىپ ئوتكەن. زامانا ۋە دەۋرىنىڭ ئاقىشى بىلەن جەمعيەت تەلەبلەرى سانسىز دەرەجەدە، توپلانماقدا بولغان رىيازى تەجرىبەلەرگە абстракция شەكلىنى بېردى.

ئەپرىئورىزم فەلسەفى Salto — mortale.

بۇ ۋيلاياتغا سەكرەش قىلساڭز، ماددى، تاشقى دۇنيانى قايىپ كرشدەن، تەجرىبەگە ئورناشىشدان بۇتۇن ئۇمىدىڭزنى ئوزىڭز.

**سزنى بۇ باتقاقدان قۇتقارۇچى سزگە حاقىقات يۇزىنى كورسەتكۇچى، قارانغىدا قولىڭزغا پراژىكتۇر بېرگۇچى فاقاتغىنا بىرغايرات ئېرى بار.**

ئۇنى مۇجادەلەۋى ماددىيۇنچىلىق (دىيالېكتىچېسكى ماتېريالىزم) دېب ئاتايدىرلار.

ھنەزاكەت ۋە نەفاسەت فەنىنىڭ قانۇنلارىغا، نېگ بېرىش، دۇغمات فەلسەفەسىنى يېمىرىش ھەم كائىنات نەزەرىيەسى (بۇ نەزەرىيە «كانت - لاپلاس نيبۇلەر نەزەرىيەسى دېب ئاتالادىر، چۇنكم ئۇنى بىرىنچى مەرتەبە رىيازى رەۋشدە ئىسبات ئېتكەن لاپلاس بولدى. لاپلاس، كانتدان ئايرىچا، ئوزى مۇستەقىل يول بىلەن نيبۇلەر نەزەرىيەسىگە كېلدى: ر. خ) — مەنە كانتنىڭ بۇ ئۇچتە ئۇلۇغ خزماتى فەندە ئۇنىڭ ئەبەدى نامىنى ھەم ئنسانلارنىڭ بۇيۇك ئازادلىق كورەشىنىڭ تارىخىدا ئۇنىڭ مەشھۇر ئورنىنى ساقلايدىر.

[1]) كانتنىڭ فەلسەفە ۋە فەندە تەئسىرى ۋە قىيماتى جۇدە زور. ئوشبۇ ماقالادان ماقساد كانت apriori سىنى رىيازىياتغا نسبەتەن تېكشىرىش ئېدى. ئۇنىڭ فەلسەفەسىنى مۇفەسسەل تېكشىرىش بىزنىڭ ۋەزىفەمزگە كرمەيدى. شۇنداق بولسا دا، ھوزىنى مېركسىزم كلاسسكلەرىدەن ف. ئېنگېلسگە بېرەيلىك:

---

# تۇركيەدە ئەلىفبى ئىسلاھاتى.

س. ش.

بۇندان 40 يىللار بۇرۇن ئالبانىيانىڭ مەشھور تىل بىلىمدانلارىدان، تۇرك - فرەنسوزچە ۋە فرەنسوز - تۇركچە لۇغەت كىتابلارىنىڭ مۇھەررىرى (تۇركيەدە بۇلاردان ھازىردادا فايدالانادىلار) شەمسەددىن سامى فراشېرى بېك، عەرەب ئەلىفبېسىنى ئارناۋۇد خانى ئۇچۇن قوللانىش مۇمكىن بولماغانلىغىدان، ئىستانبولدا لاتىن ئەلىفبېسى ئاساسىدا «مىللى ئارناۋىد» ئەلىفبېسى تۇزدى. بۇندان باشقا يەنە شەمسەددىن سامى بېك ئارناۋىد تىلىنىڭ سەرف-نەحو قاعىدالارىنى يازىپ، شۇ يېڭى ئەلىفبى ئاساسىدا بىر نېچە رىسالا باسدىرىپ چىقاردى. سامى بېكنىڭ بۇ نەمونەسى ئۇنىڭ تۇرك خادىملارى ئۇچۇن مىسال بولدى. سامى بېكدەن مىسال ئالغان كشىلەر ئورتاسىدا تۇركيەنىڭ ئېڭ ياخشى گېزىتەچىلەرىدەن سۇلەيمان تەۋفىق بېك ھەم بار ئېدى. تەۋفىق بېك شۇ زامان تەلەبىگە يارەشە كېڭ مەعلومات ئالغان بىر كىشى بولىپ، عەرەب، فارسى، تۇرك، فرەنسوز ۋە ئىنگلىز تىللەرىنى جۇدە تەفسىلى رەۋشدە بىلەر ئېدى.

سۇلەيمان تەۋفىق بېك عەرەب ئەلىفبېسىنىڭ تۇرك تىلىگە ئارناۋىد تىلىدەن كوب ئارتىق ئېپلەشمەگەنلىگىنى تەئكىدلەشكە مەجبور بولدى. ئۇ، لاتىن خەرفلەرى ئاساسىداغى يېڭى تۇرك ئەلىفبېسى تۇزىشكە ۋە تۇرك تىلىنىڭ سەرف-نەحو قاعىدەلەرىنى ۋوجۇدگە كېلتىرىشكە مۇۋاففاق بولدى.

لېكىن شەمسەددىن سامى ۋە سۇلەيمان تەۋفىق بېكلەر تۇركيە حۆكومەتىنىڭ يېڭى ئەلىفبى مەسئەلەسىگە قانداي قاراشىنى كوزدە تۇتمادىلار ۋە نەتىجەدە يېڭى تەرتىبلەر كرگىزگۇچىلەر صفەتىدە دەۋلەتنىڭ خەۋفسىزلىگىگە ۋە ئىسلامنىڭ بىرلىگىگە تەجاۋۇز قىلىشدا عەيبلەنىپ، تۇرمەگە قامالدىلار. شەمسەددىن سامى بېك بىر مۇنچا ۋاقىتدان سوڭ، تۇرمەدەن ئازاد قىلىنسادا، سۇلەيمان تەۋفىق سۇلتان عەبدۇلحەمىد تاماندان حىجاز ساحرالارىغا سۇرگۇنگە يېبارلدى.

خارىجى مەملەكەتلەرگە قاچىپ كېتكەن ئارناۋۇد مىللەتچىلەرى شەمسەددىن سامىنىڭ يېڭى ئەلىفبېسىنى قابۇل ئېتىپ، ئۇنى تەكمىللەشدىردىلەر. ھازىرغى ۋاقىتدا بۇ ئەلىفبى ئارناۋۇدلاردا رەسمى رەۋشدە قابۇل ئېتىلگەندىر. يېڭى ئەلىفبى مەيدانىغا كېلگەندەن كېيىن، ئۇنىڭ تۇركيەدە ئىشلەتىلىشى مەنع قىلىنىشى حاقىدا سوزلەپ تۇرۇشقا-دا ئىحتىياج يوق، ئەلبەتتە. ئەمما تۇركيە تۇپراغىدا عەرەب ئەلىفبېسىگە قارشى باشلانغان كۆرەشنىڭ بىرىنچى قارانغى مەنزىرەلەرىنى كورسەتەتورغان شۇ نۇسخالارىنىڭ ھازىردا ھېچ بىرىسىنى تاپىپ بولمايدى. نېمە بولسا - بولسۇن، لېكىن، عەرەب ئەلىفبېسىگە قارشى كۆرەش تۇركيەدە بۇندان 40 يىل ئىلگەرى باشلانىبدىر. چىندەن-دە سۇلەيمان تەۋفىقنىڭ بىرىنچى ئورۇنىشدان كېين تۇركيەدە عەرەب ئەلىفبېسىنى تەنقىدلەر باشلاندى. بۇ تەنقىد تەعلىم مەسئەلەسىگە دايىر مەشھور لامەلىف مەسئەلەسىنى قويىشدان عىبارەت لامەلىفكە قارشى ئاچىلغان ھۇجۇم عەرەب ئەلىفبېسى ئەساسلارىغا قارشى باشلانغان ھۇجۇم ئېدىكم بۇ دەۋردە تۇركيەدە بۇنى ئاچىقدان - ئاچىق ئالىب بارىش مۇمكىن ئېمەس ئېدى.

مۇنازارا ۋاقتىدا لامەلىفكە قارشى ۋە لامەلىف فايداسىغا كېلتىرلگەن دەلىللەر، كېينرەك عەرەب ئەلىفبېسىنىڭ باشقا حەرفلەرىنى تەنقىد ئۇچۇن-دە خىزمەت قىلدىلار. مۇنازارانىڭ تەعلىمگە دايىر بولىشىغا قاراماسدان، تۇركيە حۆكومەتى سىياسى ئىحتىلاللار چىقىشىغا ياردام قىلىشدان قورقىپ، مەسئەلەنى ھەر ئىكى تاماننى قانەئەتلەندىرىش نۇقتايى نەزەرىدەن حەل ئېتدى.

ھەم ئىكى تامان لامەلىفنى ئىستىعمال قىلىش مەجبورى ئېمەس، دېب بىر سوزگە كېلىشدىلەر. بىراق، مەسئەلەنى بۇنداي تەرتىبدە حەل قىلىش، لامەلىفنى بىكار ئېتىش بىلەن بەرابەر ئېدى. چۇنكى، كىتاب

دېپ ئېلان قىلماقچى بولدىلار. مەنە ئىش شۇ دەرەجەگە كېلىپ يېتە-
كەندەن سوڭ، ھۆكۈمەت ئۆزى بۇ مەسئەلەگە ئارالاشىشقا مەجبۇر بولدى.
ئول، تۈركىيە تۇپراغىدا ئەرەب ئەلىفبەسىنىڭ، لاتىن ئەلىفبەسى ئاساسىدا
بولغان يېڭى تۈرك ئەلىفبەسى بىلەن ئالماشتىرىلىشى، تۈرك تىلى ئۈچۈن
يېڭى سارف-نەھۋ قائىدالارى ئىشلەنەجەگى، ئەلىفبە ۋە سەرف-نەھۋ
قائىدالارى تۈزۈش ئۈچۈن كومىسسىيە تۈزۈلەجەگى ۋە تۈرك ھەرفلەرىگە
بۈتۈنلەي كۆچىش ئۈچۈن 15 يىللىق مۇددەت بېرىلەجەگى ھاقىدا دېكرېت
چىقاردى. بۇ مەسئەلەدە ھۆكۈمەتنىڭ قارارى مەئلۇم بولغاندان سوڭ،
تۈركىيەدە لاتىن ئەلىفبەسىگە قارشى ئاۋاز كۆتەرەدىغان ھېچ بىر كىشى
قالمادى.

نامايات، يەئقوب قادىرى، رەۋشەن يەشرىرى، ئىبراھىم گراندى
ۋە باشقالاردان ئىبارەت كومىسسىيە بېلگىلەندى. بۇ كومىسسىيەنىڭ ئىشى
بىر نەچچە ئايلارچا دەۋام قىلدى.

كومىسسىيە فىئىللەرنىڭ ئاخىرلارىنى تۈرلەندىرىش، ئۆزەك سۆزنىڭ
ئاخىردان ئارتتىرىلغان ھېجالارنى ئۆزەك سۆزدەن ئاجراتىش يولى بىلەن
(مەسەلەن، gidior-um, git-tim) بولۇر دېپ قارار قىلدى. بىراق
بۇ قارار نا قۇلاي تاپىلىپ، مۇستافا كامال ئۆز مەسئۇلىيەتى ئاستىدا
بۇنى بىكار قىلدى. شۇندايى قىلىپ ھازىرغى ۋاقىتتا gidiorum get-
tum دېپ يازىلادى.

يېڭى ئەلىفبە تۈرك جەمئىيەتىنىڭ تۈرلى تاباقالارى تاماندان
ھەر تۈرلى قابۇل ئېتىلەدى. يېڭى ئەلىفبەنى ئىلك زور شادلىق بىلەن
قابۇل قىلغۇچىلار: شەھەر ئىشچىلەرى دېھقانلار، ئورتا ھال ھۈنەرمەندلەر،
تېمىرچىلەر، ھالۋىچىلار، يوكچىلەر، مەممەنخانا ئېگەلەرى ۋە شۇلارغە ئوخ-
شاشلار بولدى. ئادەتى ئائىلى ئاراسىدان بولغان خاتىنقىزلار، ئايىنىقسا،
قىشلاق خاتىنقىزلارى، يېڭى ئەلىفبەگە بۈيۈك ھەۋەس بىلەن تاشلانىپ،
بۇنى تېز ئۆگرەنىشدە ئەجايىپ بىر ئاھۋال كۆرسەتتىلەر. ھاقىقاتان بۇندان
بىر نەچچە ئايلار بۇرۇن دېھقان ۋە دېھقان خاتىنقىزلارىنىڭ يېڭى ئەلىف-
بەنى ئۆگرەنىش خاتىراسىغا گرۇھ-گرۇھ رەسىم ئالدىرىشلارىنى قاراپ
تۇرۇش جۇدە تەئسىرلى ئىدى. شەھەرلەردەگى ئاچىق جايلاردا ۋە ميھمان-
خانالاردا تاش قارا تاختالار جايلاشتىرىلىپ، بۇندا ئوقۇتقۇچىلار ھالىقنى
يېڭى ئەلىفبە بىلەن يازىشقا ئۆگرەتتىلەر. ئۇلار ئوقۇچىلارنىڭ يېڭى خاتنى
خاتىرلاردا ساقلاپ قالىشلارى ئۈچۈن سىگارىچە مەزاھلار ئويلاپ چىقارىتتىلار.
ئوقۇتقۇچىلار يېڭى ئەلىفبەگە 2-3 ھەپتە ئىچىدە ئۆگرەتتىلەر ۋە بۇلارنىڭ
ھەر بىرى ئۆگرەنگەن نەرسەلەرنى ئەمەلدە كۆرسەتىشكە ئىنتىلدىلەر.

خالق جۇمھۇرىيەت فىرقاسى ئوقۇتقۇچىلارنى يېڭى ئەلىفبەگە ئۆگ-
رەتىش ئۈچۈن بۈتۈن جايلاردا قۇرسلار ئاچىش ھاقىدا ئەمر ئالدى.
«odjaks» يېڭى ھەرفلەر ئۆگرەتىش ئۈچۈن سەفەربەرلىك قىلىندىلار.
مۇستافا كامال ئىستانبولدا بولغان ۋەكىللەر ئۈچۈن دالما باغچا سارايىدا
يېڭى ئەلىفبە قۇرسلارى ئاچدى. ۋەكىللەر بۇ قۇرسلارغا يۈرۈشكە مەجبۇر
ئېتىلىپ، بۇلارنى مۇستافا كامال ئۆزى ئىمتىھان قىلدى. بۇندان كېيىن
ۋەكىللەر ئۆزلەرى سايلانغان ئوكرۇگلەرگە كېتىپ، ئۆز نۆۋبەتلەرىدە يېڭى
ئەلىفبەنى مەئمۇرلارغە ئۆگرەتتىلەر.

مۇستافا كامال پاشا ئىستانبول ئەتراپىغا چىقىپ دېھقانلارنى يېڭى
ئەلىفبەگە ئۆگرەتتى ۋە ھۆكۈمەت مەئمۇرلارىنى ئىمتىھان ئېتتى. ئىسلاھات
خالق ئاممەسىدە دەرد ئويغاتتى. لاتىنچا يازىلغان كىتابلار يەتىشمەيدىغان
بولۇپ قالدى.

ئۆزلەرىنىڭ كوپ يىللار ئوقۇش نەتىجەسىدەگىنە يازىشقا ۋە ئو-
قۇشقا ئۆگرەنىشلەرى بىلەن ماقتانىپ كېلگەن روھانىلار، ئۆزلەرىدەگى شۇ
ئۈستۈنلىكنىڭ يوقالىشىغا ياخشى كۆز بىلەن قاراپ تۇرا ئالمادىلار.

مۇھافەزەكار ۋە ئىلىم ساتقۇچى مۇھەررىرلەر-ھەم مەئلۇماتلى
تۈركلەرنىڭ كوپەيىشىدەن نارازى ئېدىلەر.

ئەلۋەتتە، ئىسلاھات ئاغرىقسىز ئۆتمەدى. دەۋلەت مۇئەسسەسەلەرى
يېڭى ئەلىفبەگە 28 نچى يىلنىڭ بىرىنچى سېنتەبىردەن باشلاپ كۆچىشلەرى
كېرەك بولغانلىقىدان، مەئمۇرلار يېڭى ئەلىفبەنى ئۆگرەنىش ئۈچۈن كوپ كۈچ
قويىشقا مەجبۇر بولدىلار. بۇ ئىش بۇلارنىڭ كوپلەرىگە ياقمادى. 28 نچى
يىلنىڭ بىرىنچى سېنتەبىردەن باشلاپ، مەتبۇئاتنىڭ ھەم يېڭى ئەلىفبەگە
كۆچىشى كېرەك ئېدى. ھەرف قويىدىغان جايلار، ھەرفكە بولغان ئېھ-
تىياجنى قاندۇرۇشدان ئاجىز قالدىلار. بۇنىڭ ئۈچۈن مەتبەئە ھەرفلەرىنى
خارىجى مەملەكەتلەردەن ئالدىرىش كېرەك بولدىكىم، بۇ ماقساد بىلەن
تۈركىيە كوپ پۇللارنى تاشقى مەملەكەتلەرگە چىقارىشقا توغرى كېلدى.
بۇندان تاشقارى يەنە بىر نەچچە كومىسسىيەنىڭ قارارىغا مۇۋافىق ئەرەب
ھەرفلەرى بىلەن باسىلغان بۈتۈن دەرس كىتابلارىنى يوقاتىشقا توغرى
كېلدىكىم بۇ ئىش ھەم كوپ پۇللارنىڭ بىكارگە كېتىشىگە سەبەب بولدى.
دەۋلەت خادىملارى ۋە مەئمۇرلارىدە لاتىن ھەرفلەرى يازىش ئۈچۈن زەرۇر
بولغان تېخنىكەنىڭ بولماسلىغى ۋە ئىشنىڭ سېكىن يۈرىشى، كوپكىنە ۋا-
قىتنىڭ بىكارگە سەرف ئېتىلىشىگە ۋە جاماعات ئىشلەرىنىڭ توختالىشىغا
سەبەب بولدى. لېكىن كېيىنچە ئىسلاھاتلار ئەمەلگە قويىلغاندا بۇندايى ئىش-
لەردەن قۇتۇلۇپ بولمايدى. بۇلار ۋاقىتلى بولۇپ، تېزدەن ئۆتۈپ كېتە-
دىلەركىم نەتىجەدە تۈرك خالقى تاماندان يۈزەگە چىقارىلغان بۈيۈك
ئىشكىنە تۇرمۇشدە قالادى.

ئەلىفبە مەيدانىدا ئاساسى ئىسلاھات ياساغان تۈرك خالقى، بۇنىڭ
بىلەن ئۆزىنىڭ مەدەنى ئۆسىشىگە كېڭ يول ئاچقان بولادى.



Telegram adress:
@turkiston_kutubxonasi

# بابىزم ھەم باھايىزم

سەلىم

1844 ىنچى يىلى ئىراندا بابىزىم ھەم باھايىزىم ئىسىملەرى ئاستىدا بىر قوزغالاڭ مەيدانغا كېلدى.

ئەسلىدە بۇ قوزغالاڭ ئىران مانارخىياسىداغى فىئادال قىلىچىنىڭ قاتتىق ئېكسپىلاتسىيەسى نەتىجەسىدە كېلىپ چىققان كەتتە بىر قوزغالاڭ ئىدى.

ئىران خالقى عەسىرلەر بويىنچا يېر ئېگىلەرى ھەم چىناۋنىكلەرنىڭ عەمەلدارلارنىڭ ئېزىشى، سىقىشى ئاستىدا قىينالدى. ھەم ئېنىڭ ئاخىرغى سەبرى تۈگەگەچ خالق، ئايرىم ھوكوم سۈرگۈچى، فىئادالار (كەتتە يېر ئېگىلەرى) غا قارشى باش كوتەردى ئۇلارنىڭ ماللارىنى بەرباد قىلىپ، كەتتە ـ كەتتە مەملەكەتلەرنى تاراۋ مار كېلتىرەتۇرغان بولدى. بىراق ئىچكى ئىتتىپاقسىزلىق بۇنداي قوزغالاڭنى جۇدە يېگىللىك بىلەن باستىرىشغا ئىمكانىيەت بېرىپ قويدى.

فاقات ئىران خالقىنىڭغىنا ئەمەس بۈتۈن ئىسلام دىنىدىكى خالقلارنىڭ ئىقتىسادى ھەم مەدەنى قالاقلىقلارى، شارقداغى بۈتۈن قوزغالىشلارنىڭ دىنى تۈسدە بولىشلارىغا سەبەب بولدى. 1844 ىنچى يىلدا بىز خۇددى شۇنىغا ئوخشاش ھالنى كورەمىز. بۇندا ھەم سىقىش، ئېزىلىشلەرنىڭ ئېڭ سوڭغى چېگەرەسىگە يېتكەن ئىران مېھنەتكەشلەرى (دېھقانلارى، بەتىرەكلەرى ۋە شەھەر كەمبەغەللەرى) نىڭ باش كوتەرىشلەرى ھەم دىنى تۈس ئالدى.

19 ىنچى عەسىردە بۈتۈن شارق خالقلارىدا دەۋلەت بىلەن ئىدارا ئېتىش ھەم بۈتۈن جەمعىيەت ئىدارەسى دىنى قانۇن ـ شەرىعەت ئاساسىغا قۇرىلغانلىغى سەبەبلى بۇ قوزغالىش ھەم ئۆزىگە دىنى تۈسنى ئالغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن خالق عامماسى، دىن بايراغى ئاستىدا عاممانى قوللىقدا تۇتقۇچى ئېزگۈچىلەرگە قارشى چىقىش بىلەن دىنىگە قارشى چىقدىلار. لېكىن مەدەنى جەھەتدەن ئارقادا قالغان دېھقان خالقى ـ دىن زەھەرىدەن تامام قۇتۇلۇپ بىتمەگەنى سەبەبلى ئۆزىنىڭ بۇقوزغالىشىدا خۇدا ـ سىزلىق ـ دەھرىلىك شىعارلارى بىلەن ئەمەس، «دىنىنى تۈرلى سورەتدە ئۆزگەرتىپ، بۇزۇقشىلەردەن تازالاش» شىعارلارى ئاستىدا چىقدى.

1844 ىنچى يىلداغى قوزغالىشنىڭ يولباشچىسى عەلى مۇھەممەدنىڭ ماقسادى ئىمە ـ شۇ ۋاقىتدا ياشاغان ھوكومەت ھەم ئىران روھانىلارىنىڭ مۇسۇلمانلىق قانۇنلارىنى بۇزۇشداغى عەيبلەرىنى ئاچىش ھەم شۇ ۋاقىتداغى خالق عامماسىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش شۇ بىلەن بىرگە ئۆزىنىڭ قانۇنلارىنى تاقدىم ئېتىش ئىدى.

تۆبەندە كورسەتىلگەنىچە، عەلى مۇھەممەدنىڭ مەعلوم سىياسى ماقسادلارىنى كۆزەتكەن بۈتۈن تەعلىماتى مۇستەھكەم دىنى شەكلدە تۈزۈلگەن ئىدى. بۇنداي شەكلدە بۇ تەعلىمات خالق ئامماسىغا ئاڭلارلىق ئىدى. عەلى مۇھەممەد ھەرەكەتنى ئۆزىنى، «باب» (ئېشىك) دېپ ئېعلان ئېتىشدەن باشلادى. (مۇسۇلمانلار «باب» دېگەن سۆزدەن جەننەتكە كىرگىزەتۇرغان ئېشىك مەعنىسىنى ئاڭلار ئىدىلەر).

عەلى مۇھەممەد ئۆزىنى خۇدا ھەم عىلم «بابى» ئېتىپ ئېعلان ئېتكەندەن كېيىن «مېن قۇرئاننىڭ كورسەتىشى بويىنچا بۈتۈن خالقلارنىڭ كۈتكەن كىشىسى مەن، مېن كىشىلەرگە خۇدانىڭ رەھمەتى ئاچلىغان يەڭى دىنى قانۇنلار كېلتىردىم، دېگەن فىكرلەرىنى تارقاتا باشلادى.

عەسىرلەر بويىچا ياشاپ كېلگەن قانۇنلار ھەم تەرتىبلەرگە قارشى نارازىلىق بىلەن ئاچىقلانىپ، غازاپلانىپ كېلگەن خالققا مەنە شۇنداي تەعلىماتلار ياقىن تۇيۇلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن خالق بۇ يەڭى تەعلىماتنى زور شادلىق بىلەن قابۇل ئېتدى. «باب» نىڭ غاياللارىنى ياقلاغۇچىلار كوپەيىشى ئارقاسىدا ئۇ تېز قۇرسەتدە ئىراننىڭ تامام بۇرچەكلەرىگەچە تارقالا ئالدى. خالق ئۆزىگە يولباشـچى تاپىلىشى بىلەن ئاچىق ۋە ئاشـكارا رەۋىشدە ئېزگۈچىلەرگە قارشى چىقا باشلادى. تەبىعى ئىران ھوكومەتى ھەم ئۇنىڭ روھانىلارى يەڭى قوزغالىش بىلەن قاتعى سورەتدە كورەشىشكە تۇتۇندىلەر. دەسلەپ ئۇلار بۇنى بىر دىنى مەزھەبدەن عىبارات دېپ ئاڭلاپ، كەتتە خالق مۇباھەسەلەرىدە بابىزمنىڭ يولباشچىلارىنى تەھقىر ئېتمەكچى ھەم شۇ يول بىلەن قوزغالىشنى باسماقچى بولدىلار. لېكىن ئارادان بىر يىل ئۆتۈش بىلەن ئۇلار ياخشى ئۇيۇشتۇرلغان ھەم مەفكورە ياغىدان ئاساسلى قوزغالىش بىلەن ئىش ئالىپ بارشلارىنى تۈشۈندىلەر. چۈنكى بىلگىلى باب ئۆزىنىڭ تەعلىماتى بىلەن شەرىعەتنى تامىرى دەن يېمىرىپ تاشلايتۇرغان ھەم مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچكى تۇرمۇشلەرىگە كەتتە ئۆزگەرىشلەر كىرگىزەتۇرغان يەڭى قانۇنلار كېلتىرەر ئىدى.

مەنە شۇنىڭ ئۈچۈن ھەم ئۆزىنىڭ خالققا بولغان تەئسىرىنى يوقاتىشدان قورققان روھانىلار ھوكومەت بىلەن بىرلەشىپ، ئۇنداي (ھوكومەتدەن) بۇ تەعلىماتنى كۈچ بىلەن باستىرىشنى تەلەپ ئېتدىلەر.

شۇنداي قىلىپ باب زور قاھرامانلىق بىلەن ئۆزىنىڭ ئىشىدە داۋام ئېتدى. تەعلىماتنى يەنە ھەم قاتتىغىراق عاممالاشتىرىش ئۈچۈن ئۇ، ئۆزىنى «مەھدى» ئېتىپ ئېعلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ، شىعى مەزھەبىنىڭ ئۆزگەتىشىچە «مەھدى» نىڭ چىقاچاق ئورنى «بابلعەيە» نىڭ يوقلىغىنى ھەم كوتەرىپ چىقدى. بۇ يالغىز روھانىلارنىڭ خىيالى غىنا، دېدى.

بۇنىڭ بىلەن باب، ھوكومەت دىنى بولغان شىعە مەزھەبىنى تامىرى بىلەن ئۆزگەرتدى. ئىران ھوكومەتى ئۇنى (بابىنى) يامان دەھرى ھەم دەۋلەت جىناياتچىسى دېپ ئېعلان قىلدى. حازىر ئېندى ئۆزىنىڭ تاجى ئۈچۈن قورققان ئىران شاھىنىڭ ئەتراپىدا فىئادال ـ ئالپاۋۇتلار ھەم روھانىلار توپلاندىلاردا قۇرال كۈچى بىلەن بابىزمغا قارشى بىرلەشكەن ھۇجۇمگە باشلادىلار.

بىز يۇقارىدا، باب تامانىدان بۈتۈن ئېزىلگۈچىلەر، ياشاغان تەرتىب قانۇنلارىغا نارازى بولغانلارنىڭ ئۇيۇشقانلىقلارىنى ئەيتكەن ئىدىك. ئۇلار بىر نېچە ئايلار بويىچا شەھەرلەرنىڭ قاتتىق ۋە مۇستەھكەم ئۆيلەرىدە ھەم تاغلار ئاراسىدا قالىپ ھوكومەت عەسكەرلەرىگە ھەيران قالارلىق سورەتدە زور قارشىلىق كورسەتدىلەر. نەتىجەدە ئۇرۇش ھەم كوبرەك ئاچلىق، ساۋۇقلىق يېڭىپ چىقدى: بابچىلار (بابىلار) تۇتۇلۇپ قاماققا ئالىندىلار، قىيناتىپ ـ قىيناتىپ ئولتۇرىلدىلەر. بابنىڭ ئۆزى ئىسە، تۇتۇلۇپ كىرىپوستكە، قاماققا ئالىنادى.

شىرازنىڭ گوبېرناتورى يەڭى تەعلىماتدان بۈتكۈل قۇتۇلىش ئۈچۈن بابچىلارنىڭ بۈتۈن ئاتاقلى يولباشچىلارىنى قولغا ئالىشغا ساچ — ساقاللارىنى قىرقىشغا، سەللەلەرىنى ئالدىرىشغا، يۈزلەرىگە قارا سۈرتۈپ، ئېشەككە تېسكەرى ئولتورغۇزۇپ بازار ئەيلەندىرىشكە قىسقاسى ئۇلارنى ماسخارا قىلىشغا بۇيرۇق بېردى.

1850 ىنچى يىلى شەيخلەرنىڭ ھوكمەرى بويىنچا باب ھەم ئۇنىڭ بىتتە شاكىردىنى تەبرىزگە كېلتىرىلىپ ئاتدىردىلار ھوكومەت مەنە شۇنداي چارالار بىلەن بۇ قوزغالىشدان قۇتۇلماقچى

بۈتۈن خالقلارنى قۇرالسىزلانتىرشنى ھەم گەزەرمەلەرنى سەنعەت ئۆيلەرىگە ئەيلەنتىرىشنى تەكلىف قىلادى. مەنە بۇ نىمە ئۈچۈن كېرەك: - مىللەتلەر ئاراسىدا بۇنداق سايوز تەشكىل قىلىش بىلەن ئۇلار «عۇمۇمى تىنچلىقنى بۇزۇچى» ياماندلارنى تىيىش مۈمكىن بولاچاق دېب ئويلاغانلار. (مەنە سىزگە ئۇرش ئىستەمەيتۇرغان «سۈلحپەرۋەرلەر»!)

ئېڭ ئاخىرى باھايىزىم ئۇزىنىڭ ياقلاۋچىلارىغا بۇ دىيىننى ئېركلى رەۋىشدە تارقاتىشغا رۇخسەت بېرگەن حوكومەت بىلەن قوشلىشنى تەكلىف ئېتەدى.

بۇنداي ۋاقتدا باھايىزىم بۇ حوكومەتكە توغرىلىق ھەم حىلە - نەيرەڭسىز رەۋىشدە ياردام ئېتشنى تەلەب ئېتەدى (مەنە شۇ ئاساسىدا باھايىستلار پادىشاھ حوكومەتى بىلەن دوس بولوب تۈركىستاندا ئۆزلەرىنىڭ دىينلەرىنى ئېركلى رەۋىشدە تارقاتدىلار ئۇلەر ئاشقاباتدا (پالتاراتىسكىدە) بىر نېچە مىڭ كىشلىك جەمعىيەتنى تەشكىل ئېتە ئېدىلەر.

1892 نچى يىل «باھائۇللاھ» ئۆلگەچ، باھاچىلار بىر - بىرىسگە دۈشمەن بولغان ئىكى لاگېرگە بۆلىندىلەر. بىر بۆلەگى «باھا ئۇللاھ» نىڭ كەتتە ئوغلى ئەعزەم ئەترافىغا توپلانىب «ئەعزەمىلەر،» دېب ئاتالدىلار. ئىكنچى بولەگى كىچىك ئوغلى ئەكبەر ئەترافىدا ئۇيۇشىب ئەكبەرچىلەر دېب ئاتالدىلار. ئاتاسىنىڭ ۋەسىيەتىگە تايانىب ئەعزەم ئۆزىنى ۋارىس ۋە ئاتاسىنىڭ ۋەكىلى ئېتب ئېعلان قىلدى. ئەمما ئۇنىڭ تۇغۇشقانى ئەكبەر ئېسە ئاغاسىنى تەنىشنى ئىستەمەدى. ئۇ بۈتۈن عومرى بويىغا ئاتاسىنىڭ كاتىبى بولوب تۇردى، حەتتا ئاتاسىنىڭ ئەسەرلەرىنى تەحرىر ھەم ئېتدى. ئۇ، تۇغۇشقانىنى دەھرى ھەم باسماچى (ئۇزوپاتىر) دېب ئېعلان قىلدى.

ئېڭ ئاخىردا ئۇلار بىر - بىرىسنى «ئىش باشىدان قوۋۇلغان» دېب ئېعلان ئېتدىلەر، لېكىن بۇندان ئەعزەم غەلەبە بىلەن چىقدى. چۈنكى ئۇنىڭ قولىدا خازىنا ھەم مال بار ئېدى؛ ئەكبەرنى ھەم ئۆزىنى تانىماغان باشقا ئورتاقلارىنى پۇل بىلەن ياردامدان مەحروم ئېتدى. ھەم شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا كەتتە زەربە بېردى. نەتىجەدە ئەكبەرچىلەرگە حەتتا ئەمرىكەگە قادار قاچىشغا توغرى كېلدى. حازىرغى كۈندە ئەمرىكەدە ئەكبەرچىلەرنى تاپىش مۈمكىن.

حازىرغى ۋاقتدا بابچىلار ھەم باھايىستلار ئۈچ تارماققا بولىنادىلار:

1. «حاق بابىلار». «باھائۇللاھ» نىڭ تەعلىماتىنى تەنبەسدەن، باب ئەيتب قالدىرغان خۇدا رەحمەتىنىڭ ئاچىلىشىنى كۈتۈچىلەر.

2. «باب ھەم باھا — ئۇللاھ» نىڭ تەعلىماتلارىنى تەنۇچىلەر لېكىن ئۇلار ئەعزەمنى رەد قىلادىلار. بۇلار (ئەكبەرچىلەر) باھايىزمنىڭ ئېڭ قاتتىق بولەگى. ئورتا ئازىيادان باشقا ئەمرىكەدە كوب تارقالغانلار.

3. ئەعزەم تاماندا غىلار ئۆزلەرى ئازبولسالاردا قاتتىق ئۇيۇشقانلار.

باھايىزىم حازىرغى ۋاقتدا بۇتۇن شۇ ئۈچ تۈرى بىلەن ئېراندا غىنا ئېمەس، ياقىن شارقنىڭ بۈتۈن خالقلارىدا حەتتا س. س. س. ر. نىڭ كۈنچىقىش جۇمھورىيەتلەرىدە ھەم بار.

كېينگى يىللاردە باھا ئۇلار ئاراسىدا بىر قادار جانلانىش كورىنەدى. ئۇلار بىزنىڭ كۈنچىقىش جومھورىيەتلەرىمىزدە شورا حوكومەتىنىڭ تۇتقان سىياسەتىدان نارازى بولغان عۇنسۇرلەر (مۇسۇلمان زىيالىلارى ھەم موشتومزورلەرگە) تايانىشغا تىرىشەدىلەر. ئۇلار شورا حوكومەتىنىڭ ئايرىم شەھەرلەرىدە ئۆزلەرىنىڭ كەمىتتلەرى ھەم شوعبەچىلەرىنى تەشكىل قىلادىلار. بۇ كورىنشنى كوبرەك ئۆزبېكىستان، تۈركمەنىستان حەتتا ئازار بايجاندا ھەم كورش مۈمكىن.

شۇنىڭ سىگەرى ئىشلەرنى باھا ئۇلار حازىرغى تۈركىيە جۇمھورىيەتىدە ھەم ئالىب بارادىلار. 1925 نچى يىلى جۇمھورىيەت تۇپراغىدا قانداي بولسا ھەم مەزھەبلەرىنىڭ ياشاشىنى تىيگەن قانۇن چىقارىلىشغا قاراماسدان باھائىلار ئىسمىرنە ھەم ئىستامبول شەھەرلەرىدە ئۆزلەرىنىڭ شوعبەچەلەرىنى تۈزۈب تۈرك خالقلارى ئاراسىداكېڭ تەشۋىقات — تەرغىبات ئالىب باردىلار.

توركىيە حوكومەتى باھايىزىمنىڭ تارقالىشغا قارشى قاتعى چارالار كوردى. ئىسمىرنەدە كوپدەن بېرى ئاتاقلى باھايىست يولباشچىلارى تۇتۇلىب، حوكومەت ئۇلارنى عەكسىل ئىنقىلابدا عەيىبلەدى.

ئۆزلەرىنىڭ مەركەزى بولغان ئەمرىكەدەن قايىسى خىلدا بولسا ھەم ياردام ئالىب باھايىستلارشورالار ئىتتىفاقىنىڭ مېحنەتكەش خالقلارى ئاراسىدا فاعال ئىش ئالىب بارىشغا ئۇرىنادىلار. س. س. س. ر. مېحنەتكەشلەرى ئۈچۈن ئۇلارىنىڭ تەعلىماتى جۇدە زەرەرلى تەعلىماتدىر. بۇنىڭ ئۈچۈن شۇنى ئەيتىش بىلەن كىفايالانامىز: بىزنىڭ مەملەكەتىمىزدەگى باھايىستلەر تالاۋچىلىق ئاساسىدا ئۇيۇشقان «مىللەتلەر ئىتتىفاقى» نىڭ ئېتەكبەرداردىرلەر.



Telegram adress:

@turkiston_kutubxonasi



# ئىشانىش ۋە ئىشاندىرىش

(Внушение)

ئىبراھىم بەكچەنتاي ئوغلى.

ئىشانىش ۋە ئىشاندىرىش دېگەن سۆزلەر ئېيتىشقا يېڭىدەك، تاشقارىدان قارىغاندا ئادەتتىكى سۆزلەر بولۇپ كۆرۈنسەلەر ھەم، بۇلارنىڭ مەنالىرى چۇڭقۇر ئويلىرىدە بۈيۈك سىرلار بار. بۇ سۆزلەر بىلەن كەسەلنى ساقايتىش ساغ ئادەمنى كېسەل قىلىش، ھەتتا ئۆلتۈرۈش . . . مۇمكىن. بۇ سۆزلەرنىڭ چىن مەناسىنى ئاڭلاماق ۋە دورىستلىگىنى بىلىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ۋاقىئالارنى تەكشۈرۈپ كۆرەيلىك.

**1- نچى ۋاقىئە فرانسىيەدە.** فرانسىيەنىڭ № شەھەرىدە بىر پرافېسسور باغچاغا يۈرۈشكە چىققان ئېكەن، كوچىدىك بىر ياۋز ئادەم ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى يارىدار قىلادى. ئۇنىڭ ئاۋازىغا توپلانغان خەلق ھېلىقى ئادەمنى ئۇشلاپ پالىسىگە تاپشۇرادى. ھۆكۈم ۋاقتىدا پرافېسسور ئۇل ئادەمنىڭ ئۆمرى يولباسارلىق ۋە تالانچىلىق بىلەن ئۆتكەننى ھەم ئۆز ئۆمرىدە كۆپ كىشىنىڭ باشىغا يېتكەنلىگىنى ئاڭلايدى. يەنەدە بۇ ئادەم قولغا تۈشۈپ ئۆلتۈرۈشكە مەھكۇم بولغان يېرىدىن قاچىپ كېتەكەن ئېكەن. جىنايەتچىنى ئۆلتۈرۈشكە ھۆكۈم بولادى. پرافېسسور تۆرىلەرگە مۇراجەئەت قىلىپ، ئادەم ئۈستىدە ياساشغا تېگىشلى بولغان بىر تەجرىبەسى بولغاننى ئاڭلاتقان ھەم مەھكۇمنى ئۆز قولىغا تاپشۇرىلىشىنى ئۆتۈنگەن. تۆرىلەر ھېلىقى جىنايەتچىنىڭ ئاياق — قولىنى بوغاۋلاپ پرافېسسورغە تاپشۇرۇشمىشلار. پرافېسسور ئۇنى بىر نەچچە كۈن تەربىيە قىلغاندان كېين، بۇنداي دېگەن: «مېنىم ئادەم ئۈستىدە قىلىپ كۆرەتۇرغان بىر تەجرىبەم بار ئېدى. مېن شۇ تەجرىبەنى سېنىڭ ئۈستىڭدە ياساپ كۆرمەكچى بولامەن. تەجرىبەنىڭ ئاخىرىدا سېن سالامەت قالساڭ، مېن سېنى ھۆكۈمەتتەن مۇئاۋەنەت قىلىپ قۇتقارامان ۋە ئۆمرىڭگە يېتەرلىك مال بېرەمەن. ئەگەردە ئۆلەرئېكەنسەڭ — بارى بىر ئۆلىمگە مەھكۇمسەن»، دېدى.

جىنايەتچى بۇنىڭغا رازى بولادى. بەلگىلى كۈندە پرافېسسور ئۆزى كەبى ئالىم ئورتاقلارىنى توپلاپ ھېلىقى ئادەم ئالدىدا سۆزلەيدى: «مېن ئۆلۈپ ياتاتۇرغان ئادەمنىڭ قانداي ئۆيقۇدا بولغانلىغىنى ۋە باشىدان نىمەلەر ئۆتكەرگەنلىگىنى 20 يىللاردان بېرياق تېكشۈرمەكتە ئېدىم. شۇ ھاقدا بىر فىكرگە كېلدىم مېنىمچە: ئۆلە باشلاغان ئادەمنىڭ ئاقىرىنلاپ ئاياقلارى سوۋۇنادى، يۈرەگى قورقىنداغىداي قاتتىراق تېپە باشلايدى، باشى ئەيلەنگەندەك بولادى، ئىچەمى كېلەدى، ئېرىنلەرى كېپەدى؛ ئۆز ئۆمرىدە ئۆتكەزگەنلەرى كىنەنىڭ تەسمەلەرى كەبى بىر — بىر كۆز ئالدىغا كېلەدى . . . ئەدىدى، ئەشۇ ئۆلۈمنىڭ دورۇسلىگىنى بىلىش ئۈچۈن سىزنىڭ ئالدىڭىزدا بۇ جىنايەتچىگە ئاقىرىنلىق بىلەن ئۆلۈشكە ئىمكان بېرەمەن. مېن تەكشۈرگەننىمدە دورۇست دېپ تاپقان نەرسەلەرىم ھاقىدا ئۇنىڭغا سوئاللار بېرەبارامەن؛ ئۇل ماڭا جاۋاپ بېرىپ تۇرۇر. شۇنداي قىلىپ مېن ئۇنى ئۆلگۈسى كىشىنىڭ سوڭغى تۇيغۇلارىغاچا ئېلىپ يېتكۈرەمەن. نەتىجەدە ئۇل سالامەت قالسا، مېن ئۇنى قۇتقارىپ، ئۆرمۇشىنى ئەمىن قىلغۇمىسەمەن».

ئالىملار ئىشنىڭ نەتىجەسى نىمە بولۇر ئېكەن دېپ، دىققەت بىلەن قاراپ تۇردىلار. پرافېسسور يىلى سوۋ بىلەن تولۇق ۋاننىغا جىنايەتچىنى ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆتكۈر قولىدان تۆتۈپ بىر تامۇرىنى كېسەدى. قول سوۋ ئىچىدە قولادى. تامۇرنى ئاز كېسكەنگە قان ئاقرىن ئاقادى ۋە ئۆلۈم ھەم جىنايەتچىگە ئەلپەتتە ئاقرىنلاپ كېلەدى. ۋاننادىكى سوۋ قىزارغاندان قىزارا بارادى — جىنايەتچى ئاغارغاندان ئاغارا بارادى، ئاياقلارى سوۋۇنا باشلايدىلار. پرافېسسور ئۆلۈم ئالدىدا باشدان ئۆتكەرىلىدىغان تۇيغۇلار ھاقىدا بىردەم — بىردەم سوراغلار ياغدىرا باشلايدى. جىنايەتچى ھامان باشى بىلەن ئىشارە قىلىپ جاۋاپ بېرە بارادى. ئاخىرىغا تامان ئۆز ئۆمرىدەگى ئۆتكەن ۋاقىئالار ھەممەسى بىرمە-بىر كۆز ئالدىغا كېلەدى، بۇ ئۇنىڭ كۆزلەرىدەن، چېھرەسىدەن سېزىلەدى، ئېرىنلەرى كېپەدى، سوۋ سورايدى. . . . ئاخىردا ئۆلەدى.

ئالىملەرگە: «مېنىم كېسكەننىمنى قاراڭىز»، دېدى پرافېسسور. ئالىملار كۆرسەلەر، تامۇر سىرە كېسىلمەگەن، قول تىرىسى قان ئاقماسلىق تىرنالغان ئالىملار ھەيران بولادىلار. پرافېسسور سىرنى ئاچادى: «مېنىم تەجرىبەم ئۆلۈپ ياتقان ئادەمنىڭ ھالىنى تېكشۈرۈش ئېمەس ئېدى، بەلكى **ئىشانىش ۋە ئىشاندىرىشنىڭ** ئادەمغا قانچا تەئسىر قىلغاننى سىناش ئېدى. مېن بۇ ئادەمنىڭ قولىنى كېسمەدىم، فەقەت كېسكەندەك قىلدىم. ۋاننادىكى سوۋغا بوياۋ (رەڭ) سالدىم. بوياۋ ھەۋەدى قان تۈسىنى بېرەر ئېدى. بوياۋ ئاز — ئازدان ئېزىلىپ، سوۋغا تارالىپ قان رەڭىنى بېرەدى. بۇ ئادەم بولسا، مېنىم تامۇرىدان ئاققان قان دېپ تامام ئىشاندى. ئىشانىشنىڭ نەقەدەر كۈچلى ئامىل ئېكەنلىگىگە بۇ سىناش بىرىنچى دەلىل ئېدى».

**2 نچى ۋاقىئا ھىندىستاندا.** ئاۋروپادان ھىندىستانغا بارغان بىر دوختۇر كوچەدەن يۈرگەندە، ئالدىدا ئۆيۈق — ئۆيۈق قان كۆرەدى. بۇ قانداي قان ئېكەن؟ دېپ بارغانىدا ئۆزىنىڭ ئالدىدا پارا-ياتقان بىر قىزنىڭ ئۆكۈرۈپ بارغاننى كۆرەدى. قىزنى ئۆتۈپ يۈزىگە قاراپ كېتەدى. قىز - 15 - 16 ياشلىك چىرايلىق بىر قىز. دوختۇرنىڭ كۆڭلىدە قىزغانىش - ئاياش تۇيغۇسى باشلانادى. ئۇنى سىل كەسەلىگە مۇبتەلا بولۇپ، ئۇنىڭ كېينكى دەۋرىدە بولغانىغا ئىنانىپ ئۇنى يەنە قىزغانادى. شۇ قىزغانىشى بىلەن دوختۇر قىزنىڭ ئۆيىگەچە بارىپ قالادى. قىزنىڭ ئاتا - ئاناسىغا قىزنىڭ سىل كەسەلىنىڭ ئۈچىنچى دەۋرىدە بولغاننى

شاپالاقلاردان كوپ ئۆسكەندۇر. يەنە دە كىچىك بالا يەتىلىپ قالۇپ يەنە-
لا ئاتا-ئانىسى باشلاپ تۇرغاندا، يالغۇز دائىرىگە بارۇپ: مەيدەگەللە
قاندای ياخشى سەگرەدىلەك، ياتۇر ئۆگەنسەم ئىدىم دەپ ئەسلەك، يالغۇز گوزاپ
تۇرۇپ كەتكىنى كورۇلگەن تەجرىبىلەردە مەگە، سەۋەبلەر ھەم مال سائەتلەردا
ئالغۇچىغا ئۇلارنىڭ سائەت مالنىڭ ياخشى ۋە ئارزان بولغانغا ئىشەنە-
رشكە كۆچۈرەدى.

ھۆكۈمەتنى ئىدارە قىلىش ئىشىدە ھەم ئىشەندۈرۈش كەتتە ئورۇننى
تۇتادى. ئىشەندۈرۈش دېگەن كەتتەبىر ئامىل بولماسا ئىدى، راماڭلارنىڭ چىرىك
ئەگزىدە قۇرۇلغان چىرىك ھۆكۈمەتلەرى ئۇچيۈز يىل داۋام قىلالماس ئىدى.

ھازىرقى كۈندە شورالار ھۆكۈمىتىنىڭ بىرىنچى يىلىدا تۇرغان
ئىشى — سائىسيالىزم قۇرۇۋالىشىدۇرۇشتۇر. بۇ قاچان بولادى؟ بۇ — خالق
سائىسيالىزمگە ئىشەنىپ يۈرەكىدىن سۆيگەن بولادى. ھەربىر تەشكىلاتنىڭ بىر
مەقسەدى بولادى، شۇ مەقسەد ئاپىدالىق بولۇپ چىقادى دەپ ئىشەنگەن
ئادەملەرگىنە ئۇ تەشكىلاتقا ئەئزا بولادىلار ۋە شۇ يولدا ئىشلەيدىلەر. بۇ
تەشكىلاتلارنى بىر بىنا دەپ كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرسەك، ئۇنىڭ ئەئزالارى
شۇ بىنانىڭ تاشلارى بولۇپ چىقادى، بۇ تاشلارنى بىر — بىرلەرىگە بىر-
كىتىپ، مەھكەم قىلىپ تۇرغان غىشت قىلان بولسا تەشكىلات ئۈچۈن
ئىشەندۈرۈشتۇر.

**ئىشەندۈرۈش يوللارى.** ئىككى تۈرلۈك بولادى: 1 - ھالەت
روھىيە (پسىخىكە) نىڭ ئەڭ چوڭقۇردا تۇرغان قۇرۇلۇشىغا (مېخانىزماسىگە)
تەئسىر. 2 - ھالەت روھىيەنىڭ ئەڭ يوقارى قاتىدا تۇرغان ئاڭ، مۇھاكەمە
(سازناشىيا)سىگە تەئسىر. شۇنىڭغا قاراپ ئىشەندۈرۈش ئىشى ئويغاق چاقدا،
يا ئۇخلاتقان ھالەدە بولۇشقا مۇمكىندۇر. ھەر ئىككى ئىشەندۈرۈش يولى
ئۈچۈن بېلگىلىك بىر جاي (ئاپستانوۋكا) ھەم ئىشتە تەدبىرلىك بولۇشقا
كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن شاۋ — شۇدان ئوزاق تىنچ ئورۇندا، ياۋاتىق
كەمرەك كىرگەن جاي بولىشى لازىم. داۋالاش يۈرۈشىنىڭ خەلق ئاراسىدا
ياخشى ئىسمى ۋە ئىئتىبارى بولىشى كېرەك.

**گىپنوز بىلەن ئۇخلاتىش.** گىپنوزنىڭ ئويغاۋ ۋاقتىدا ئىشەن-
دۈرۈشدىن ئايرىماسى كەسەلنىڭ ئۇخلاتىلىشىدادىر. تىككە تۇرماسدان قاراپ-
خان كوز ئىككىچى ئادەمنىڭ دىققىتىنى جەلب قىلادى ھەم ئۇنىڭ ئاجىزلارى
ئويغۇ ئەئزالارى ۋاقتىنچا تىرقىناپ قالادىلار. ئىشەندۈرۈچى (گىپنوتىزور) بۇ
كەسەل ئادەمنى ئۆزىنىڭ كوزلىرىگە قارىتادى، ياكى ئوزەنچە بىراقتىدا
قويىن سائەتىنى قويۇپ، شۇنىڭغا توختىماي قاراپ تۇرۇشقا بۇيرادى. بىر
ئازدان سوڭ كەسەلنىڭ ماڭلايىغا قولىنى قويۇپ، ئاقرىنغىنا سىيپاي
باشلايدى ۋە بىر ئاۋۇش بىلەن سېكىنگىنە سوزلەرنى چوزۇپ — چوزۇپ
سوزلەيدى. بۇ چاغدا كەسەل ئادەم تامام ئالەپ، ئۇيىلىپ كەتكەندە يانادى.
شۇل ۋاقتىدا ئىشەندۈرۈچى تەخمىنەن قويىداغىچا سوزلەيدى: «سىزنىڭ ھازىر
جىڭىڭىز ئويغۇگىز كېلادى، سىز ھازىر يالغۇز ئويقۇ ۋە تىنچلىق توغرىسىدا
غىنا ئويلەيسىز . . . مانە مېن سىزنىڭ ماڭلايىڭىزغا قولىمنى قويامەن،
مېن قولىمنى قويىشىم بىلەن ھەمىز ئۆزىڭىزدە تىنچىق سېزەسىز، سىز چار-
چايسىز! . كوزلەرىڭىز ئالادى . . . سىز ھازىر تىنچگىنە ئۇخلايسىز . . .
شۇ تەرتىبدە كەسەل ئادەم ئۇخلانغىچا داۋام قىلىنادى. كەسەل ئادەم
ئۇخلاغان چاغدا ئىشەندۈرۈچىنىڭ تەئسىرىدە بولۇپ، ئۇنىڭ سوزىنى،
بۇيرۇقلارنى ئىجرا قىلادى. ھەتتا يوروشدەن پارالىچ بولۇپ قالغان
ئادەملەرنىڭ ھەم گىپنوزچىنىڭ ئەمرى بىلەن ھەرەكەت قىلىپ، يۈرۈپ،
ساغايىپ كېتكەنلەرى بولۇپ تۇرادى. ئۇخلاتىلغان ئادەمنى ئويغاتىش،
ئىلگەرى ھالىغا كەلتۈرۈش ھەم گىپنوزچىنىڭ بۇيرۇغى بىلەن، ئەمما ئوغلا-
تىشقا قاراغاندا يېنگىلىرەك بولادى.

ئىبراھىم بېكچەنتەي ئوغلى
ئورنبورغ

# عالەمنىڭ تۈزۈلۈشى

## علم ھەيئەتدە يەنگى دەۋر

رەفىق ئىسكەندەر تەرجەمەسى

بىلىمنىڭ ھەر بىر بۆلىمىدە بولغانىدەك، XX نچى عەسر، زاھىر بولىشىغا قاراغاندا، علم ھەيئەت بۆلىمىدە ھەم بۈيۈك بىر ئۆزگەرىش عەسرىدىر. كېلگوسىدەگى تەئرىخچى بۇ عەسرنى، يۇل-دزلار ۋە عالەمنىڭ تۈزۈلىشلەرىگە بولغان قاراشنىڭ تەرەققى قىلغان يەنگى بىر دەۋرى ئېكەننى، ئەلبەتتە بىلگىلەپ ئۆتەر. ھازىرغى علم ھەيئەتنىڭ كۆن تەرتىبىدە: يۇلدزلارنىڭ ئىچكى تۈزۈلىشلەرنى ئۆر-گەنىش، ئۇلەرنىڭ تەدرىجى تەرەققىيات يوللارنى بىلىش، عالەمنىڭ كېڭلىگىنى بىلگىلەش ھەم ئۇنىڭ تۈزۈلىش ئىسخېمەسىنى ئاڭلاش كەبى مەشھور فەننى مەسئەلەلەر تۇرادىرلار. چەرەك عەسرگىنە بۇندان ئىلگەرى، بۇ مەسئەلەلەرنىڭ حەل قىلىنىشلارىداغى مۇم-كىنلىك توغرىسىدا، يۇلدزلارنى چۇقۇر تېكشرگەن ئېڭ مەشھور تەفتىشاتچىلار ئويلاشقا ھەم جۇرئەت ئېتمەدىلەر.

علم ھەيئەتنىڭ بۇنداي بۈيۈك تەرەققياتىدا ئېڭ مۇھىم ئورۇننى ئامرىقا رەسەدخانە (обсерватория) لارى ئالادىرلار. بۇتۇن ئاۋرۇپا مۇحارەبەسىدەن ئىلگەرىگىنە علم ھەيئەت فك-رىنىڭ مەركەزى ئاۋرۇپادا ئېدى. يايىلىپ كېتكەن مۇخارەبە، بۇ فىكرنىڭ تەرەققى ئېتىشىگە توسقۇن بولۇپ ھەم ئاۋرۇپا رەسەد-خانەلەرنىڭ ئارالارىداغى باغلانىشنى كېسىپگىنە قالماسدان، حاتتا، بىر قانچا قابلىيەتلى ياش تەفتىشاتچىلارنى گورگە ئالىپ بارىپ قويدى.

ئىشلەر بۇنداي ۋەزعىيەتدە بولغانى حالدا، تەفتىشات مەر-كەزنىڭ، تېبرەنىشدەن زەخمەت چېكمەگەن ئامرىقاغا كوچىشىدە حايران قالارلىق ئورۇن يوقدىر. ئالتۇننىڭ كوپ بولىشى ئامرىقا-لىلارغا رەسەدخانەلەرنى ئېڭ كۈچلىك تېلىسكوپلەر بىلەن تەئمىن ئېتىشگە ئىمكانلىك بېردى. مىسال ئۈچۈن «لىيكە» شەھەردەگى قۇياش رەسەدخانەسىدە تۇرغان گوكىرنىڭ $2^{1}/_{2}$ مېترلىك مەشھور تېلسكوپىنى كورسەتىش مۇمكىندىر. بۇ رەسەدخانە ئامرىقا رە-سەدخانەلارى ئىچىدە ئېڭ ياش حسابلانغانى حالدا، حازرغى علم ھەيئەت تەرەققياتيدا ئېڭ مۇھىم رولنى ئوينادى. بۇنگە، كوب دەرەجەدە، ئامرىقادا بىر قانچا قابىلىيەتلى تەفتيشاتچيلارنىڭ بارلىغى ھەم كەتتە ياردام بېردى. بۇلەردەن: ئادامس گېلل رىسسىل، شىپلى، خيبل، مايكيلسون ۋە باشقا پرافيسسورلارنى كورسەتە ئالامز.

يەنەدە، ئاۋرۇپانىڭ بر قانچا مەشھور تەجربەچىلەرى سوڭغى يىللاردا ئامريقا رەسەدخانەلارىغا كوچۇپ ئوتدىلەر. ئۇلەر ئاراسىدا پرافيسسور لوند - مەرك، ۋان - مائانين، ئىسترووۋىلەرنى ئەيتش مۇمكىندىر.

غايەت ياخشى تەئمين ئېتىلىشى ۋە تەفتيشاتچيلاردا تەج-رىبە لەياقەتينىڭ بولىشى ئامريقا رەسەدخانەلارىغا سوڭغى يىل-لاردا كوبگىنە ئەھەميەتلى كەشفلەرنى قىلشغا ئىمكانلىك بېردى. بۇلەرگە مىسال قىلىپ: يۇلدزلارنىڭ دىئەمېترلەرنى بىلگىلەش، تۇمەنلكلەرگە قادار بولغان مەسافەنى تاپش، شار شەكلىدەگى يۇلدز توپلاملارنى تەفتىش قىلىش، يۇلدزلارنىڭ شۇعلەلەرنى بيلگىلەش، يۇلدزلارنىڭ حەرارەتلەرنى ئۆرگەنش، قوياشنىڭ

جايلانىشىنى ھەم سانلارىنى ئۇرگىنىشدەن ئۇزاقدا ئۇتمەگەن ئىدى. يىگرمەنچى ئەسر، يەنگى ئۇسۇل ھەم قۇراللار بىلەن، تۇمەنلىكلەر ھاقىداغى بىزنىڭ تۇشۇنچەمزدە كەتتە ئۇزگەرىش ياسادى. بۇلار-نى تەفتىش ئىتىشدە ئىشنىڭ ئىڭ مۇھىم نۇقتالارى ئاسترانوم لوند- مىرك ۋە خيبل‌گە تابىعدىرلار.

تۇمەنلىكلەردەن بەعزى قىسملەرى بىزنىڭ يۇلدز سىستېمىزگە تابىع بولىب، ئۇلار ميتيئار(ئاتيلوچى يۇلدز) لارنىڭ چەكلەرىدەن عىبارەت بولغانلارى حالدا، يۇلدزلارنىڭ نۇرلارى بىلەن يارىغلانىب تۇرغانلقلارى مەعلوم بولدى. ئامما، ئۇزۇن چزىقلارغا ئوخشاغان تۇمەنلىكلەرنىڭ مەسئەلەسى تاماميلا باشقاچادىر. تۇمەنلىكلەرگەچە بولغان مەسافەلەرنى ئولچەش مۇمكىنلىگى، مەسەلەن: ئاندراميد تۇمەنلىگىنىڭ بىزدەن 1—3 ملىيون يارىغلق يىلى قادار مەسافەدە ئىكەنىنى كورسەتدى. دىمەك، ئۇل بىزنىڭ گالاكتيكا چىگەرەسىدەن غايات، ئۇزاقدا بولىشى كىرەك. چزىقلق تۇمەنلىكلەرنىڭ باشقالارى بىلەن ھەم ئەحۋال شۇلدىر. فوتوغرافيا ھەمدە شوعلەلەر سورەتىنى تۇشۇرىش ئىشلەرى، ھەممە كورىنگەن تۇمەنلىكلەر، شەكل ۋە كەتتەلىكلەرى بىزنىڭ گالاكتيكا شەكلى ۋە كەتتەلىگىگە ياقىن بولغان، غايات كوب يۇلدز توپلاملارىدان عىبارەت بولىش ئىحتماللارىنى كورسەتدىلەر. بۇ ئەحۋال، ئاسترانوملارنى، ھەممە تۇمەنلىكلەر بىر برلەرىدەن ملىيون يارىغلق يىللارچا مەسافەلەردە تۇرغان عەلاحىدە يۇلدز سىستېمەلەرى دىب ئويلاشقا مەجبور ئىتەدىر.

## عالەم-يۇلدز سىستېمەلەرىنىڭ تاقىم ئارالى (ئاتاسى)دىر

شۇل رەۋشچە، عالەم، كەتتەلىكلەرى بىزنىڭ گەلەكتيكە بىلەن بەرەۋەر كىلگەن يۇلدز ئاراللارىدان عىبارەت بىر تاقىم ئارال (архипелаг) ئىكەنلىگىگە ئىشەنچ ھامان ئارتىب بارادىر. بۇ ئاراللارنىڭ سانى ئەلبەتتە، ناھايات كوب بولسا كىرەك. درىيانىڭ ئەساميسى (каталог) دە 12 ميڭگە ياقىن چىزقلى تۇمەنلىكلەر بار. ئەمريقاداغى ئەللىگەن رەسەدخانەسىنىڭ دىرېكتورى گيرتيس، بىر مىترلك جسملەر شوعلەسىنى قايتارغوچى قوراللىڭ ياردامى بىلەن تۇشۇرگەن سۇرەتلەرى بوينچا ئۇلەرنىڭ سانىنى بىر ملىيۇن دىب بىلگىلەيدىر. يۇلدزلاردان سوڭ چزقلق تۇمەنلىكلەر غايات كوب سانلق جسملەردىر. ئۇلەرنىڭ قزق حۇسۇسيەتلەرى، ئەكسەرىنىڭ سپكونتىكە يۇزلەب كىلومېترگە قادار بولغان سۇرئەت بىلەن بىزنىڭ گەلەكتيكەدەن ئۇزاقلاشىشلارىدادىر. تۇمەنلىكلەرنىڭ جايلاشىشلارى ھەم قزقدىر. كوبلەرى، سامان يولىنىڭ سەتحىگە تىككە (перпендикулярный) بولغان سەتحدە تۇرادىلار.

## عالەمنىڭ كىڭلىگى

ئاندراميد تۇمەنلىگىنىڭ بزنىڭ گەلەكتيكەگە قادار بولغان مەسافەسىنى ئاسترانوملار 1 دەن 3 ملىيونگەچە يارىغلق يىلى بىلەن حسابلايدىلار. سوڭغى ۋاقتلاردا، ئاسترانوم خيبل، ۋارانيكا ساچلارى يۇلدزلارىنىڭ گروھىدە بىر تۇمەنلك تاپىب، ئۇنگە قادار بولغان مەسافەنى 10 ملىيون يارىغلق يىلى دىب بىلگىلەيدىر. ئاخردا، يۇلدز توپلاملارىنى تىكشرۇچى مەشھور ئامريقا عالىم شيپلى، ياقىندا ئاژدار يۇلدزلارىنىڭ گرۇھىدە يەنگى بىر تۇمەنلك كەشف قىلىب، ئۇنىڭ مەسافەسىنى يۇز ملىيونلاب يارىغلق يىلىغا بەرەۋەر دىب حسابلايدىر. بۇ، فاقات، كىشىنىڭ ريفليكتر ھەم ئاستراگراف (يەعنى شوعلەلەرنى، ۋە يۇلدزلارنى تۇشۇروچى قوراللار) بىلەن تەئمينلەنگەن كوزگە كورنىشگە مۇمكىن بولغان ۋاقتنچا بىر چىگەرەدىر. ئىندى، بۇ مەعلوماتلەرگە سۇيەنىب، عالەمنىڭ كىڭلىگىنى ئەيتىش مۇمكىنمى؟

ئەگەردە، بۇ قزق مەسئەلەنى بيۋاسيتە حەل قىلىش مۇمكىن بولماسا، ئۇنگە بىلۋاسيتە ياقىنلاشىش مۇمكىندىر.

تۇمەنلىكلەرنى تىكشرۇچى مەشھور خيبل، ئەينشتەيىننىڭ نىسبەت قانونىغا ۋە عالەمدەگى جسملەرنىڭ جايلاشىش زيچلىكلەرىگە ئاساسلانىب، عالەمنىڭ دىئەمېترىنى 90 ملىيارد يارىغلق يىلىغا بەرەۋەر دىب تاپادىر. بۇ سانىنى كىلومېتر رەقەملەردە كورسەتىش ئۇچۇن، بۇ 90 ملىياردنى $9\frac{1}{2}$ بيللييونگە زەرب قىلىش لازمدىر.

Telegram adress:

@turkiston_kutubxonasi




# باشلانغچ مەكتەبلەردە ئېكيسكۇرسىيە بلەن ئشلەش يوللەرى

ن. رەجەبزادە.

باشلانغچ مەكتەبلەردە تېكشرش ۋە تەدقىقات ئۇسۇللە-
لك ئېكڭ جانلى بىر بولەگى شۇبھەسز ئېكسكۇرسىيە سانالادى.
كتەب دېۋارلارىدان تاشقارى كېڭ تەبيعەت دۇنياسىداغى خا-
سالارنى ئۆرگەنش، ئۇلار بلەن چۇقۇر تانشش يالغز شۇ
ئكسكۇرسىيەلەر ئارقالىغىنا مۇمكندر. بىزنىڭ بۈگۈنگى قول-
ماقدا بولغانىمز «گوس» پىرەگرەممەسدە تەبيعەت ۋە ئۇنى
كشرش بىرىنچى ئۆرنگە قويلغاندر. تەبيعەتنى ئۆرگەنش ۋە
نى مەكتەب مەشغولييەتلەرى بلەن باغلانش تەبيعەتنڭ ئۆ-
گە توغرىدان توغرى ئېكسكورسىيە ۋە مۇشاھەدەلەر ياساش
لەنگەندە مۇمكن بولادى. حكمەت، كيمييا كەبى فەنلەرنى
باراتورييا، حكمەتخانالاردا ئۆرگەنش ۋە تېكشرش مۇمكن بولسا،
ەيۋانات، نەباتات، بيالوگييە كەبى فەنلەرنى تەبيعەتنڭ ئۆ-
دە سەياحەت قلماسدان تۇرب، كېرەگيچە ئۆرگەنش ئمكانى-
تدەن تاشقارىدر.

حەيۋانات، نەباتات، بيالوگييە كەبى فەنلەر قشلاق خو-
السغى كەبى تۇرمۇش ئشلەرىگە باغلانغانلقدان، تەبيعەتگە
ئكسكورسىيە ياساب، ئۇلار بلەن چۇقۇر تانشش مەكتەب ئش-
ەرىمزنڭ موھم بر ئولوغ ئشى سانالادر.

حازرغى كۈندە، بىزنىڭ باشلانغچ مەكتەبلەرىمز ئەكسەر
قت ئېكسكورسىيەلەر بولب تۇرسادا، لېكن كوب ۋاقت ئۇلار،
اقسادغا مۇۋافق جاۋاب بېرەرلك بولب چقمايدى. بر كوب ئو-
وتۇچىلار، ئېرتەگە ئېكيسكورسىيەگە بارامىز دېب، ھېچبر ماقسادنى
ەعيىن قلماسدان مەعلوم بىر رېجە تۇزماسدان بالالارنى ئالب
بتەدرلار. تەبيعى بۇ خىل ماقسادىمز رېجەسز ئېكسكورسىيە-
ەردەن بالالارنى بېكارگە چارچاتىشدان باشقا فايدا چقمايدى.

ئېكسكورسىيەلەر، بالالارغا، مەكتەب پىرەگرەممەسدە كىر-
ەن تەبيعەت، جۇغرافييا، ئاناتلى، رييازييات... كەبى فەنلەر
ۇچۇن يېتەرلك دەرەجەدە ماتيرييال بېرىشى لازىمدر. مۇنىڭ
ۇچۇن ئەلبەتتە ئېكسكورسىيەلەرنىڭ مەعلوم بر رېجە ۋە ماقساد
سلەن تۇزىلگەن بولىشى بىرىنچى شەرتدر.

بو ماقالادا بىز، ئېكسكورسىيەلارنى قانداي ئشلەش حا-
ىدا تولا يازماسدان يالغز ئۇنىڭ تۇرلەرىنى گىنە يازب ئوتمەكچىمز؛
ئېكيسكورسىيەلەرنى تۇرلەرگە بولنگەندە قۇيىداغىلارنى كورسەتش
مۇمكندر:

### 1. قسقا مۇددەتلك ئېكيسكورسىيەلەر

بۇ خىل ئېكسكورسىيەلەر 2—3—4 ساعاتلارغاچا چوزىلب مەكتەب باقچاسدا، قشلاقداغى بىران ديھقاننىڭ خوجاليغيدا، تېگرمەن، ئابجىۋاز، زاۋۇد، ياكى ياقنداغى بىران هونەرخانە كەبى جايلارغا ياسالادى.

### 2. بىركۈنلك ئېكسكۇرسىيەلەر

مەكتەبدن ئۇزاقدا بولغان جايلارغا، قوشنى قشلاقلاردا ۋە شۇنگە ئوخشاش جايلارغا ياسالغان سەياحەتلەر.

### 3. بىر نېچە كۈنگەچە چوزىلەتۇرغان ئۇزاق مۇددەتلك ئېكسكورسىيەلەر

شەھەردەن قشلاقدا ياكى عەكسنچە قشلاقدان شەھەرگە ۋە شۇنگە ئوخشاش ئۇزاقراق جايلارغا ياسالاتۇرغان ئېكسكورسىيە-لەردر.

ئېكسكورسىيەلەرنىڭ، قاتناشاتۇرغان كشلەرنىڭ كوبلىگى جەھەتدەن بولنىشى:

1) ئايرم بر تودە بلەن ئېكسكورسىيە. مەسەلەن: II-III نچى سنفلەردەن 4—5 كشى تېرب ئالب بىران ساۋخوزنى تېكشرش ئۈچۈن يۈبارش.

2) بۈتۈن بىر سنف بلەن ئېكسكۇرسىيە. III نچى ياكى IV نچى سنف بالالارنى بىران هۈنەرخاناغا يۈبارش كەبى.

3) عۇمۇمەن مەكتەب بالالارى بلەن ئېكسكۇرسىيەگە بارش. مەكتەب بالالارىنى بىران ئورمانزارغا ئالب بارب ئېكسكورسىيە ياساش كەبى.

ئېكسكورسىيەلەرنىڭ ماقسادغا قاراب بولنىشى:

1) فەن ھەم ئش ئېكسكۇرسىيەلەرى. مەسەلەن مەكتەب رايونىداغى ئوسملكلەرنى تېكشرش، ئۇلاردان گيربارييلار تۇزش ماقسادى بلەن چقىقان ئېكسكۇرسىيەلەر.

2) كوڭل ئاچش ئېكيسكۇرسىيەلەرى. مۇعەللىمنىڭ مەكتەب بالالارى بلەن برلىكدە بىران جايغا سەياحەت ئۈچۈن بارش كەبى.

ئېكسكۇرسىيەلەرنىڭ مۇندەرىجە ياغىدان بولنىشى:

1) تائرىخنى ئۆرگەنش.

2) جەمعييەتنىڭ حازرغى ئەحۋالىنى تېكشرش ئېكسكۇرسىيەلەرى.

بۇ ئكى خىل ئېكسكۇرسىيە قۇيىداغىچا بىر نېچە خىلغا بولنادى:

ئشلەب چقاراتۇرغان ياكى ئۇلارغا ياردام بېرەتۇرغان جاي-لارغا بارش. مەسەلەن؛ فەبريك ـ زاۋودلارغا، هۈنەرخانا، قشلاق خوجالىغىغا عەلاقە ۋە نەقلييات جايلارىغا (پوچتە ـ تيليغراف، تيمر يول، پاراخود پرىستەنى تېلفون ئستەنسەسى ۋە باشقالارىغا) ئېكسكورسىيەلەر ياساش كەبى.

بىران جاينى ئقتسادى تاماندان تېكشرش ئۈچۈن بارش. مەسەلەن: بران قشلاق ياكى زاۋود- فەبريكنىڭ ئقتسادى ئەحوالىنى بلش ئۈچۈن ياسالاتۇرغان ئېكسكۇرسىيەلەر.

سيياسى ماقساد بلەن بىران جايغا بارش. مەسەلەن: ئورتاق لېنىننىڭ ھەيكەلى بولغان جايغا، ئنقلابى موزيلەرگە، قۇلۇب، قرائەتخانا كەبى جايلارغا ياسالاتۇرغان ئېكسكورسىيەلەر.

مەدەنييەت تائرىخنى تېكشرش ئۈچۈن ياسالاتۇرغان ئېكسكورسىيەلەر. مەسەلەن: كۇتبخانا، تىياترو، ئاسار عەتىقە بنالەرى، نەفس سەنعەتلەر كورگەزمەسى كەبى جايلارغا بارش.

تەبيعەت ئچيدەگى ئېكسكۇرسىيەلەر. بۇ خىل ئېكسكۇرسىيەلەرگە تۆبەندەگىلەر كرەدى:

تەبىئەتدە بولغان ئۆزگەرىشلەر، يىر تاباقالارى، مەكتەب
رايونىداغى ئۆسىملىكلەر، ھەيۋانلەر، قۇشلار ۋە ئۇشە رايونىنىڭ ئىق-
لىمى، جۇغرافى ئەھۋاللەرىنى تېكشىرىش كەبى.
بۇلاردەن باشقا ئېكىسكۇرسىيەلەردە، ئۆتىلەتۇرغان مەۋ-
زۇعلەرگە باغلاش ھاقىدا شۇلارنى كورسەتىش مومكىن.
1) مەسەلەن: تېگىرمەن، دېگەن كىچىكىنە مەۋزۇعنى ئۆت-
كەندە، بالالارنىڭ بىلىملەرىنى چۇقۇرلاتىش ئۈچۈن ئۇلارنى (بالا-
لارنى) تېگىرمەننىڭ ئۆزىگە ئالىب بارىب، ئۇنىڭ تۈزۈلىشى كورسە-
تىلەدى. مۇمكىن بولغان تاقدىردا، شۇندا بولغان فىزىكە قانۇن-
لارىنى ھەم تۈشىندىرىش ياخشى بولادى.
2) بىر مەۋزۇعگە كىرىشمەسدەن بۇرۇن، شۇنىڭ بىلەن عە-
لاقەدار بولغان ماتىرىيالالارنى تېكشىرىش ئۈچۈن ئېكىسكۇرسىيە-
لەر ياساش.

عۇمۇمەن ئېكىيسكورسىيەلەردەگى ئاساسلارغا كېلگەندە:
تېكشىرىلەتۇرغان ماتىرىيالنى قاتعى رەۋشدە مۇعەييەن ئېتىب
ئالىش، ئالىنغان مەۋزۇع ۋە ماتىرىيالالاردان چېتگە چقماسلىق،
بالانىڭ تاشقى تۇيغولارىنى، ماتىرىيالالارىنى تېكشىرگەندە ۋە كو-
زەتگەندە قاتناشتۇرىش شەرتدىر. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بالالارنى
مۇمكىن قادار ئۆز باشلارىغا مۇستاقىل ئىشلەتىشگە عاداتلانتىرىش،
ئېكىسكۇرسىيەلەردەن توپلانغان ماتىرىيالالارنى لاباراتورىيا يولى
بىلەن تېكشىرىش ئەلبەتتە لازمدىر.
ئېكىسكورسىيەلەرنىڭ تۈزۈلىش تەرتىبى:
1) تايىيارلىق تاماندان. ماقساد، ئورن بېلگىلەنەدى، رېجە
تۈزۈلەدى، كېرەكلىك نەرسەلەر(بولافكە، كارتون، شىشە ۋە باشقالار)
ئۆز ۋاقتىدا تايىيارلانادى. سىنف تودەلەرگە بولىنىب ھەر تودە ئۈ-
چۈن مەعلوم ۋەزىفەلەر تەعيىن قىلىنادى.
2) ئېكىسكورسىيەلەرنىڭ بارىشى: كۆزەتىش، تېكشىرىش،
ماتېرىيال توپلاش ۋە توپلانغان ماتېرىيالالارنى تەرتىبگە سالىش
ۋە تېگىشلى نەتىجەلەر چىقارىش.
ئېكىيسكۇرسىيەلەردەن توپلانغان ماتىرىيالالارنىڭ بېرگەن
نەتىجەلەرىنى رەسم، جەدۋەل، دىيەگرەممە، پىلان، داقلاد يا-
زىش كەبى ئىشلەر بىلەن توگەللەنىش، ئېكىسكورسىيەلەردەگى
موھم ئىشلەردىر.
عۇمۇمەن ئېكىسكورسىيەلەر ھاقىدا ھازىر شۇنىڭ بىلەن
كىفايەلەنىب، ئېكىسكۇرسىيە ئۇسۇلى ھاقىدا تولاراق يازىشنى
كېلگوسى ماقالاغا قالدىرامز.

# بالالار توغرىسىدا فەن (پېدالوغىيا) [1]

پېدالوغىيانىڭ ماددەسى — مەۋزۇع بەحسى — ئوسىب ۋە
تەرەققى قىلىب تۇرغان ئادامدىر. تەبىعى، ئادامنى فاقاتغىنا
ھەياتىيات بىيالوغىيا فەردى، بىيالوغىيا شەخسى، بىيالوغىيا
خۇسوسىيەتىدەن عىبارات بىر نەرسە دېب قاراش ھەم مۇمكىن
ئېمەس.
ئادام بالاسى ئىقتىسادىياتدا، سىياسەت ۋە تۇرمۇش ئى-
چىدە مۇعەييەن بىر ئورۇن ئىشغال ئېتەدى، شو سەبەبدەن ئۇنگە،
عەينى زاماندا ئىجتىماعى شەخس، مۇعەييەن بىر سىنفنىڭ ئاي-
رىم بىر فەردى، دېب قاراشغا توغرى كېلەدى.
شورا پېدا لوغىياسى، ئادام بالاسىنىڭ ھەممە روحى - ھىسسى
عۇزۇۋى خۇسوسىيەت جىھەتلەرىنى ۋە ياراتىلىش پەيتىدە باشلاب
تا ئوسىب يېتكەنىگەچە ئۆتكەزگەن يۈكسەلىش ھالاتلارىنى يە-
كى شورا مۇحىتى شەرايىتىدە ئۆرگەنەدى ۋە تەحقىقلەيدى.
عۇمومەن پېدالوغىيانى - ئوسمەكدە ۋە يۈكسەلمەكدە بول-
غان ئادام بالاسى ھاقىدا فەننى مەعلوماتلار سىستېمەسى (رې-
ئالىكتىكە — خۇسوسىيەتدەن عۇمومىيەت نەتىجەلەرى چىقارىش
ئۇسولى) دېب تۈشۈنىش كېرەك. پېدالوغىيا مەزمون ۋە مۇندە-
رىجەسىنى ھەر تۈرلى تەرتىبدەگى بىر قاتار فەننى مەعلومات-
لاردان تۈزۈب كېلدى ۋە تۈزدى.
مەركسىزىم روھىدا سۇغارىلغان يەڭى پېدالوغىيا ۋۇجودگە
چىقارىش ھەرەكەتى ئېڭ كېيىنگى دەۋرلەردەگىنە باشلاندى.
بۇتۈن ئىتتىفاق قۇرۇلتايى قالىبىدا ئۆتكەن بىرىنچى پېدا-
لوغىيا قۇرۇلتايىدا (1927 يىل 27 دېكابىر - 1928 يىل 4 يانۋار)،
ئەساسى پېدالوغىيا مەسئەلەلەرى دايىراسىدا مەركسىزىم ئەسا-
سىدا بىرلەشكەن بىر يول چىزىلدى.[2]
بىزنىڭ شورالار پېدالوغىياسى ئۆزىگە خاس يوللاردان با-
رادى. ئۇنىڭ غەربدە رېۋاج تاپغان پېدالوغىيادان ئاساسى فەرق-
لەرىنى ئانىق تۈشۈنىب ئالىش ئۈچۈن ئۇقۇچىنىڭ مەزكور بى-
رىنچى پېدالوغىيا قۇرۇلتايىدا قابۇل قىلىنغان رېزەلوتسىيەنىڭ
بىر نېچە جۇملەلەرىنى كوزدەن كېچىرىش يېتەدى. مەسەلەن،
مەزكور رېزەلوتسىيەدە «شورالار پېدالوغىياسى ئۆز ئىشىنىڭ ھەممە
بابلارىدا، ھەممە دەۋرلەرىدە سۇڭ دەرەجە جىددىلىك ۋە فاعـ
عاللىق بىلەن، ئوكتەبىر ئىنقىلابى تەرەفىدەن ئالغا سورۈلگەن
ئەمەللەر — ساتسىيالىزم ئاساسىداغى تەربىيەۋى ۋەزىفەلدرگە
ياقىنلاشغوسىدىر». يەنە بىر جايدا - ئىجتىماعى مۇحىتنى قول-
لاغوچى دەستەك، بالالارنىڭ يۈكسەلىشىنى يولغا سالغوچى عا-
مىل سىفەتىدە ھىسابغا ئالىشغا، شورا پېدالوغىنىڭ ئېڭ جىددى
ۋە ھاقىقى ئەھەممىيەت بېرىشى لازىمدىركىم، بالالارنىڭ يۈك-
سەلىشى ئۈچۈن ئىجتىماعى عامىللارنىڭ ئەھەممىيەتىنى تۈشۈ-
نىب يېتە ئالمايتۇرغان تېسكەرى، يەعنى مەركسىزىمگە قارشى
بولغان پېدالوغىيادان فەرق قىلىش، يالغىز شۇ يولداغىنا مۇم-
كىندىر» [3]
بالانىڭ يۈكسەلىشىدە ئاعزالار — گاۋدانىڭ تۈزۈلىش قا-
نونلارى ۋە ئىرسىيەت روللەرىنى قايتادان كورىش، ئۇنىڭ ئو-
سىش خۇسوسىيەتلەرى، ئوسىشدەگى قاتار مۇناسەبەتلەرىنى قايتا-
دان كۆرىش، ئاغىرلىقدا، تەربىيەچىسىزلىكدە ئۆتەتۇرغان بالالىق
شارايىتىنى، عۇمومەن خازىرغى، يەڭى تەربىيە عامىلى بولغان
بالالار مىدىنەتى ۋە بالالار كەللىكتىفچىلىگى مەسئەلەلەرىنى ئور-
گەنىش، بالالاردا مەۋۇففەقىيەت - قازانىش دەرەجەلەرىنى تەھ-
قىقلاش ۋە ھىسابغا ئالىش ئۇسوللارىنى يەڭىلەش يولىدا شورا
پېدالوغلارى بىر نېچە يىللار بەدەلىدە (باسىق، بىلونسكى، زال-
كىند، گىربايىدىف ۋە باشقالار) جۇدە زەۋقلى، نەتىجەلى ۋە عە-
مەلىيەتلى سۇۋرەتدە كەتتە مەشغۇلىيەت ئالىب باراديلار. بۇ
مەسئەلەلەر ھاقىدا «مەعارىف ۋە ئوقوتغوچى» جورنالىدا عەلاھىدە

[1] (ل. نېستېرىكنىڭ «جورنال دەلەۋسىخ» جورنالىنىڭ 2 نچى
سانىدا باسىلغان ماقالاسىدان ئالىندى.)

[2] بۇ ھاقىدا ئا. ب. زالكىندنىڭ «پېدالوغىيانىڭ ئاساسى مەس-
ئەلەلەرى» نامىداغى كىتابىنى كورىلسۇن، بۇ كىتاب 1927 يىلدا با-
سىلغان بولىب، خۇددە شۇ كىتابداغى ماددە ۋە قاعىدالا قۇرۇلتاي
ئۈچۈن ئاساسى پىرەگىرەممە ماددەلارى خىزماتىنى كوردى. شۇنىڭدېك
بۇ ھاقىدا ۋ. ش. ج. ئ. دە پېدالوغىيا مەسئەلەلەرى» نامىداغى كىتاب
مۇنالەعە قىلىنسۇن.

[3] دەۋلەت نەشرىياتى نەشرى «بىرىنچى پېدالوغىيا قۇرۇلتايىنىڭ
رېزەلوتسىيەسى» كورىلسۇن بۇ كىتابچە 1928 نچى يىلدا باسىلغان
نارخى 35 تىيىن.




## ʙekət nazratcьsь[1])

ə. puşkin.

tərçiməcisi: astan.

ʙekət nəzaratcьlarьnь kimlər qarƣamadь, kimlər ular ʙilən urьşmadь. kimlər ulardan hiddət—ƣazaʙ daqьqasьda şьkajat dəftəri tələʙ qьlmadь, taki kerilgən çəʙr, qopallьq, dьqqatsьzlьqdan kelgən ɵzininꞑ fajdasьz şьkajatьnь jazsьn. kim ularnь ьnsanьjat nəv'ininꞑ vəhşiligi ʙilən hyrmət qьlmadь. kim ularnь mərhym məhkəmə mьrzalarьƣa laaqal muramьski ʙasqьncьlarьƣa teꞑ qьlmadь.

şundaj ʙolƣac ʙiz adьl haqьqatcь ʙolьʙ unьꞑ ʙytyn əhvalьƣa kirişişkə tirişəmiz. şajad ular haqьda eꞑ mərhəmətli rəvişdə toqtarmьz.

ʙekət nəzaratcь nimə degəni? həmişə eməs jalƣьz qьjnalƣanda ɵzininꞑ mənsəʙi ʙilən tosьʙ alьnƣan 14-inci sinifnin cindən azaʙlanƣucьsь. (oqucьlarьmnьꞑ vьçdanьƣa havala qьlaman) (kinəz vijəzimiskininꞑ ataƣanь-dek qandaj diktətərlik vəzifəsi? zьndannьꞑ ɵzginəsi eməsmi? nə kecə və nə kyndyz tьnьm ʙar. jolcь mə'jys keziş caƣьdaƣь ʙytyn harьş əlamini—ɵcini nəzaratcьdan aladь. hava təhəmmyl etiʙ ʙolmajturƣan fajtoncь ɵz sɵzli, atlar jaxşь tartmajdьlar—əjiʙdar nəzaratcь. jol ɵtkyci unьꞑ joqsul yjigə kiriʙ uꞑa duşman nəzəri ʙilən qarajdь. u, xoşlaşmaj ketəturƣan qonaqdan qutьlьşƣa muvaffaq ʙolsa-ky jaxşь. omma atlar jetməj qalsacь?.. ja rəʙʙi! naqadar haqarat ʙerişlər, qandaj aƣьrlьqlar unьꞑ ʙaşьƣa jaƣьladь. jaꞑƣьr və şiltə qarlarda həvli mə həvli jygyrədi u. ʙoran janvar ajьnьꞑ accьƣ savuƣьda faqat ƣьna ƣazaʙlanƣan jolcьlarnьꞑ şavqьn — hajqьrьşьdan ʙir minyt rahatlanmaq ycyn yj eşigi aldьƣa ketədi... gineral kelədi. qaltьraq nəzaratcь uꞑa eꞑ sevgi 2 trɵjkə (yc atlьq fajton) sini şu hьsaʙda xat taşьş trɵjkəsini həm ʙerədi. uꞑa rəhmət deməsdən general çɵnəjdi. ʙeş daqьqadan soꞑ—qonƣьraq.. xat taşucь unьꞑ ystəligə jol xatьnь taşlajdь!.. əfsoslənis ornьda ʙularnьꞑ həməsigə cuqur kirişiʙ jaxşьlaʙ aꞑlajmьz. ʙunь qalʙьmьz ələngəli qьzƣanьş ʙilən ʙəçərgysidir.

taƣьn ʙir necə sɵz: 20 jьl icidə men ʙytyn rusьjanь ʙir ʙaşdan əjləniʙ, keziʙ cьqdьm. qərьʙ ʙytyn pocta ʙekətləri mengə mə'lymdir; ʙir qanca fajtoncь uruƣlarь men ʙilən tanьş; ʙekətcilərdən tanьmaƣanьm, işim tyşməgəni çydə az.

səjahat esdəliklərimnin qьzьq jьƣьntьsь ʙularnьꞑ həməsini davamsьz zaman icidə nəşr qьlьşnь ymidləjmən. hazьrca ʙekət nazaratcьlar taʙaqasьnьꞑ amma nəzərigə eꞑ jalƣan ʙir nəvi'də taşlanƣanьn kɵrsətəmiz. ʙir necə ʙuhtanlanƣan ʙekətcilər umuman jumşaq, təʙi'ətdən razь, çamaat kişiləri, izzət tələʙ qьlmas və artьq kymiş sevməs kişilərdir. ularnьꞑ gəpləridən əllə qanca qьzьq və saʙaq ʙerəturƣan nərsələrni ɵrgənəmiz.

ʙekətcilərninꞑ hyrmətli taʙaqasьdan dostьm ʙolƣanьnь taxmьn'aş çydə-jəm asan. əjnь zamanda mengə ulardan ʙirininꞑ esdəligi qьjmat ʙahadьr. nəsiʙ ʙizni hec qacan jaqьnlaştьrmadь. endi meninꞑ nijətim sevgli oqucьlar ʙilən unьꞑ haqьda gyrynꞑləşişdir.i

1816-ncь jьlda maj ajьda... gyʙernə arqalь tygətilişgə javьqlaşƣan ʙekətdən ɵtiş toqrь keldi. men kickinəginə əməlgə məsnyʙ edim. hər ʙekətdə at taşlajturƣan ərəvə kirə qьlьʙ iki atƣa pyl telədim. şu ʙekətcininꞑ tekşirişi meni təkəllyfkə salmadь. kɵpincə men haqqanь tekşirişkə jol qojƣan tujƣumdaƣьlarnь ɵzim ʙilən ʙirgə alьʙ jyrdim. nəzaratcь mengə ataʙ tajjarlaƣan trɵjkəni əməldər terəninꞑ ərəvəsigə ʙerər ekən men kelgysinin ʙatьrь, qajnaq təʙi'ətlisi unьn tyʙənlik va qorqaqlьƣьƣa narazьlьq ʙildirmədim. qujь əməldə ʙolƣanьm ycyn mengə juqarь əməldarlarƣaƣьlƣan mulazimətni qьlmadь. qorqmadь. gyʙirnəter əʙedidə cerilərnin həmədən soꞑ jemək tartьşlarьnь uzaq kytmədim. cynki men ycyn

[1]) XIX-ncь əsrdə rusьjada temir jol ʙolmasdan jolavcьlar atlьq qatnaşar edilər. jolda hər jerdə ʙekətlər ʙolьʙ ularda ʙekət nəzaratcьlarь turar edilər. ʙekət nəzaratcьsь „kəllesirski rujxatcь" degən əməlgə jəm mənsyʙ ʙolar edi. ʙu əməl ʙuxara əmirliginiꞑ colaƣasь əməli-dek tyʙən ʙir əməldir.

puşkin ʙu hikəjəni ɵvan petrovic ʙelkin degən ʙir dostьnьꞑ xatьra dəftəridən alьʙ guja ɵzini nꞑa naşьr deʙ atajdь. amma hьkajənin hьkaja şəklidə tyzgycisi puşkindir.

həməsi-jəm вəraвər edi. şu anda [1]) əməlniņ əməlini ehtьram qьl degən tərtiв çajьqa вaşqa вirini məsələn: aqьlnьņ aqlьnь (ezinikidən aqьlь uzunraq kişini deməkci) ehtьramla degən qaьdanь ьstь'mal qьlsaq nimə вolar edi. qandaj tartьşmalar вolar edi. xьzmatkərlər jemək syzişni taqdьm qьlьşnь kimdən вaşlardьlar? вьraq men hьkajamqa əgyryləmən.

ьssьq вir kyn edi... вekətdən yc caqrьmlьq masafada jaņqьr sevələj вaşladь. вir dəqьqadan kejin kyclik jaņqьr quja вaşlaв kijimlərimniņ icigəcə etiв ketdi. вekətkə keliş вilən вirinci əndişə tezrək вaşqatdan kijiniş вolsa ikincisi caj.soraş edi: „haj denijə!“ nəzaratcь caqьrdь. „samavar qoj, həm kelişingə вirər şirinlik alьв kel“ şu caqda pənçərə arqasьdan on tərt jaşar вir qьz cьqьв yj eşigi aldьqa jygyrdi. unьņ xoşroj—сьrajlьqь meni hajran qaldьrdь. „вu seniņ qьzьņmь?“ nəzaratcьdan soradьm men. „qьzmь?“ çydə jumşaqlьq вilən çavaв вerdi;—hə, aqьllьqь, həmə nərsəgə ylgyrərligi rəhmətlik anasьqa oxşajdь“. şu tavda ul jol xatьmnь dəftərgə etkəzə вaşladь men esə unьņ xuş təvazi'lik вilən taza təkijəgə sujanьв turqanьn вezəв kersətkən serətlərni keriş вilən şuqullandьm. u kərtinədə fəhişdən вolqan вalanьņ həm tarьxь cьzьlqan: rəsimniņ вiridə hyrmətli cal qalpaq və kecki kijim kijgən, unьņ duasьnь şaşьlьş вilən qaвul qьlьв turqan tьncsьz вalanь uzatьş və təngə вilən tola вir qapca cьzьlqan. вaşqa вiridə jaş kişiniņ fahьşana xulqь təsvirləngən: jalqandəkəm dostlar və hajasьz xatьnlar вilən oraв alьnqan ystəldə oturadь. undan nərirəkdə—yc вurcək şəpkəli, ьsrafkər—вevaş вir jaş tonquz вaqьв ular вilən jimək jijdi. u cuqur qajqulь və puşajmanlь jyz вilən tartьlqan. eņ soņqь rəsimdə unьņ atasьqa qajtьв varьşь kersətilgən. xajьrlь cal oşa kecki kijim və şəpkəsi вilən unь qarşь alьşqa jygyrədi. fəhişdən вolqan oqul tiz cəkiв oturadь. qarşьda aşpaz semiz вir çəsədni kesiв turadь. əkəsi xьzmatcьdan вu şadlьqlarnьņ səвəвini sorajdь. hər qajsь kərtinə təgidə jaxşь qьna nemiscə şe'rlar oqudьm.

вu serətlər və oşa caqda meni cegərələв alqan xьna gylləri turqan taqca, jupqa pərdə вilən turqan kət və вaşqa əşjalar вu caqqaca meniņ esimdə saqlanadь.

ellik jaşar zijrək və pakizə kijimli xoçajьn, unьņ uzun, jaşьl tysli rəņi eckən tasmaqa asьlqan yc mьdalь вilən kəmzyli kezimgə keriniв turadь.

hənyz fajtoncьnьņ haqьnь tələв вitirgəncə joq edim, ki qajnaqan samavar kətəriв tanija keldi. jaş nazənin II-nci вaqьşь вilən meniņ undan qandaj tə'sirləngənimni вildi-də ac-kek kezlərini jergə qaratdь. men u вilən gəpləşə вaşladьm. u mengə kevlərni kergən qьz kəвi hec hajasьz çavaв вerdi.

atasьqa вir istəkən ponьş (vьna) tutdьm-da dynijəgə вir pьjala caj вerdim. ycələmiz əsrlik tanьşlar kəвi вir-вirimiz вilən gyryņləşdik.

atlar əllə qacan tajjarlanqan edi. lekin men nəzaratcь və unьņ qьzьdan açralьв ketişni istəməs edim. eņ soņ men ular вilən xajьrlaşdьm. nəzaratcь mengə xajьrlь jol tilədi və uzatdь. dynijə ərəvəgəcə вirgə keldi. eşik aldьda toqtaв turьв undan mycci tilədim. dynijə razь вoldь... kev myccilərni hьsaвlaj almajman. oşa caqdan вujan şu iş вilən şuqullanaman. вьraq вularnьņ вittəsijəm uzaqraq və dostana esdəlik qaldьralmadь.

aradan вir necə jьl etkəndən kejin nəsiвə meni jənə şu jergə—şu вekətniņ ezigə jetkizdi. nəzaratcь qьzьnь eslədim men, taqьn unь kerəmən degən oj вilən sevindim. lekin eski nəzaratcь вaşqa nəzaratcь вilən almaşьlqanmikin, dynijə həm ergə cьqьв ketkənmikin degən fikr вilən xajal syrər edim. вularnьņ ikələsidən вiriniņ elgən elməgənligi toqrьsьda həm keņlimgə вir nərsə keliв ketdi. şundaj ьlhamь seziş вilən... вekətigə jaqьnlaşdьm.

pocta yjcəsiniņ janьda atlar jurişdən taqqa toqtadьlar. вolməgə kiriş вilən вəraвər fəhşii oqulnьņ tarьxьnь serətləgən rəsimgə kezim tyşdi. ystəl və kətlər ilgərigi çajlarьda toqtaвdьlar, вьraq terəzələrdə gyllər joq, tevərək вeparvalьq və ьhtьjatsьzlьqnь kersətədi. nəzaratcь postunьnь japьnьв uxlaв jatьвdьr. meniņ kelişim unь ojqatdь. u, ornьdan turdь... вu kişi samsan veriniņ ez ginəsi edi. вьraq u naqadar qarьв qalmьş.

u jol xatьmnь keciriв jazьşqa urьnьв turar ekən men unьņ aqarqan və pyrpəjgən sac—saqallarь, cuqur вyrişmələri və kevdən qьrьlmaqan jyzləri, вykilgən вeligə qaradьm-yc jaki tərt jьlnьņ icidə oşandaj ziirək calnьņ вundaj zə'if cal halьqa keliв qa'lьşьqa keв əçəвləndim „tanьdьņmь, meni?“—undan soradьm. „вiz sen вilan kevdən вeri aşnadьrmьz“ —вəlkim вir—вirimizni keriş kəndirmiz“—xomrajьв. qavaqьnь asьв çavaв qajtardь. „вu jer kəttə jol ysti kev jolavcьlar etiв qatnajdьlar“.

„dynijəņ saqmь?“ savalnь davamlatdьm. calnь accьqь cьqdь. yjilgən qavaqlarь jənə qalьnraq yjildi. „xuda вiladi unь“—çavaв вerdi u—„gəpiņizniņ məzmunidən ergə tegiв ketkəngə oxşajdь?“ dedim men. cal mengə jyzini egiriв xudda savalьmnь eşitməgən-dek picirləв jol xatьmnь oquşqa davam qьldь. men soraqlarьmnь kesiв caj qajnatьşqa вujurdьm.

qьzьqьş meni tьncsьzlata вerdi. ymidləndim, ki şajad eski aşnamnьņ tilini vьna вirra

[1]) kicik əməldar kəttə əməldarnь hyrmət qьlьş qanun edi.

edi. eşikniꞑ ƣoꞑƣьraƣьnь tavlaʙ çiriꞑlətdi. ʙir necə sanьja kytiş həm unьꞑ ycyn çydə aƣьr edi.

acƣьcь tavlaʙ eşikni acdьlar. „avdatija samsonovna şu jerdəmi?" soradь u. „hə, şu jerdə" jaş cəri çavaʙ ʙerdi. „necyn kerək u sengə?"nəzaratcь çavaʙ ƣajtarmasdan zalƣa kirdi.

„mymkin eməs, mymkin emes!" unьꞑ arƣasьdan cəri ƣьcƣьrьʙ ƣaldь. avdatijə samsonovnanьꞑ mehmanlarь ʙar. ʙьraƣ nəzaratcь eşitməsdən taƣьn narьraƣ jyriʙ ʙardь.

iki ʙɵlmə ƣaranƣu, ycincisidə cьraƣ janar edi. u acьƣ turƣan eşik janьƣa keliʙ toƣtadь. ʙɵlmə taza və jьƣьştьrьlƣan, minski xajalƣa comьʙ oturadь. dynijə ɵziniꞑ adatь ʙezəkləri ʙilən jasanƣan, əngilijə egəridə oturƣan jol ketkyci-dek jumşaƣ kyrsidə oturadь. u nyrli ƣollarь ʙilən minskiniꞑ ƣara çiꞑələk saclarьnь siləʙ lətafət ʙilən ƣaradь.

ʙecərə nəzaratcь ƣьzьnь hər ƣanca ьxtьjarsьz sevsə həm lekin kɵriş uꞑa mijəssər ʙolmadь.

„kim?" ʙaşьnь kɵtərməsdən dynijə sorajdь. nəzaratçь çim turdь. çavaʙ eşitməgən dynijə ʙaşьnь kɵtəriʙ... ƣьcƣьrьşь ʙilən giləmgə jьƣьldь. havlьƣƣan minski jьƣьlƣan dynijəni kɵtəriʙ almaƣcь ʙolƣan eşikdə nəzaratcьnь kɵriʙ ƣaldь. hiddətidən ƣaltьraʙ dunijəni ƣojьʙ unьꞑ aldьƣa ʙardь. tişlərini ƣajraʙ „nimə kerək sengə?" dedi u. „negə sen dajьm meniꞑ arƣamdan oƣrь-dek maralaʙ jyrəsən? jaki meni ɵldiriʙ ketməkci ʙolasanmь? ket nərigə!" kycli ƣollarь ʙilən cьƣьʙ zinəgə taman itəriʙ juʙardь.

cal ʙɵlməsigə (tyşkən çajьƣa) ƣajtьʙ keldi. dostь uꞑa minski ystidən şьkajat ƣьlьşƣa keꞑəş ʙerdi. ʙьraƣ nəzaratcь ojladь, ƣolьnь silkitdi, şьkajatdan vaz kecdi.

iki kyn ɵtkəndən kejin petirʙurƣdan ɵziniꞑ ʙekətigə ƣajtьʙ keliʙ jənə oşa nəzaratcьlьƣ vəzifəsigə davam ƣьldь.

„mənə endi ycinci jьl" sɵzini tygətdi u. „dynijəsiz jaşajman, unьꞑ esən-amanlьƣь toƣrьsьda ʙir xaʙar həm eşitməjmən, tirikmi, ɵlikmi ekənligini xuda ʙilədi. ʙundaƣa vaƣьalar kɵʙ ʙoladь. jol ɵtkyci ɵzi ʙilən ʙirgə jaxşь kɵrgənini alьʙ ketədi-də ʙir kyn keꞑligə urƣac cьƣarьʙ taşlajdь. petirʙurƣda şunaƣa axmaƣ ƣьzlar kɵʙ. ʙu kyn ɵtləs, ʙaxmal tɵşəkdə otursalar ertəsi kɵcələrdə—majxanalarda parca nanƣa zar ʙolьʙ ac, ac jyrələr. şunьꞑ siꞑəri vaƣtь ʙilən dynijəni həm ʙəlki ʙitər deʙ ojlajsan, erksiz kyjdirəsən, uꞑa ƣaʙьr tiləjsən..."

meniꞑ dostьm eski nəzaratcьnьꞑ hьkajasь —ʙir necə tapƣьr kɵzdən tɵkilgən jaş demitrijif[1]) niꞑ hьkaja ƣahramanь tirintic[2]) kəʙi nəƣƣaşnьꞑ ʙu jaƣь, dek ɵz etəgi ʙilən artƣan kɵz jaş ʙilən kesilgən hьkajasь şu aƣƣan kɵz jaşlarnьꞑ ƣozƣatucьsь vьnanьꞑ məstligi edi, u, ɵziniꞑ ʙytyn hьkajasь davamьda ʙeş istəkən vьnanь iciʙ ʙitirdi. ʙьraƣ nimə ʙoldь-ju ʙular məniꞑ jurəgimgə kycli təgdi.

u ʙilən açralьşƣandan kejin uzaƣ vaƣtƣaca men eski nəzaratcьnь unuta almadьm, ʙecərə dynijə toƣrьsьda-jəm uzaƣ ojladьm...

jənə kɵʙ vaƣt ɵtməsdən şu jerdən (oşa ʙekətdən) ɵtiş toƣrь keldi. men ɵtə turьʙ saʙьƣ dostьmnь eslədim. u nəzaratcь ʙolьʙ turƣan ʙekət tygəliʙdir. meniꞑ „saʙьƣ nəzaratcь saƣmь?" degən soraƣьmƣa ƣanьƣarlьƣ çavaʙ ʙerəturƣan ʙir kişi tapьlmas edi.

mengə tanьş ʙolƣan tamannь zьjarat ƣьlmaƣ ycyn azad atlardan ʙirini miniʙ u. ƣьşlaƣьƣa tyşdim.

vaƣьa kyz pəjitidə edi. nəmkəş ʙulutlar kɵkni ʙekitdilər, xьrmangahdan savuƣ şamal ƣozƣaldь, uꞑa joluƣƣan daraxtlarnьꞑ ƣьzьl, sarьƣ japraƣlarь ucьrьldь. ƣujaş ʙatьş caƣьda ƣьşlaƣƣa jetdim və pocta yjiniꞑ janьƣa tyşdim.

eşik aldьƣa ʙir semiz xatьn cьƣьʙ meniꞑ savalьmƣa ƣarşь, nəzaratcьnьꞑ ɵlgənigə ʙir jьl ʙoldь, deʙ çavaʙ ʙerdi. unьꞑ yjigə pivə pişiryci çajlaşmьş. u pivəciniꞑ xatьnь ekən. men jetti som xarç ƣьlьʙ ʙekərgə kelgənimgə əcindim—„nimədən ɵldi u?"—pivəci xatьnьdan soradьm. „muskratnь kɵʙ ickənidən taƣsьr"—çavaʙ ʙerdi u. „ƣajjergə kɵmdilər?" —„ƣьşlaƣ etəgidəgi mazarƣa, mərhymə rafьƣasь janьƣa".—„unьꞑ ƣaʙrьƣa meni eltiş mymkinmi?"—„negə mymkin ʙolmasьn, a haj, vənkə! ojьnьꞑnь ƣojƣьl-da mənəvi taƣsьrьmnь mazarьstanƣa alьʙ ʙarьʙ nəzaratcь ƣaʙrьnь kɵrsətiʙ ƣoj".

şu tapda jьrtьƣ kijimli, çirən, ʙir kɵzli ʙala jygiriʙ meniꞑ ƣaşьmƣa keldi-də ƣьşlaƣ mazarьƣa jol ʙaşladь.

jolda soradьm „mərhymni tanьrmidiꞑ?"

— „necyn ʙilməjin;—mengə u nəjdən—ƣamьşdan sьmzьƣ ƣьlьşnь ɵrgətkən edi. u məjxanadan cьƣьʙ ketə ʙersə ʙizlər unьꞑ ketidən; ʙaʙaçan, ʙaʙaçan! jaꞑƣaƣ! dijişiʙ jygyrərdik. u ʙizlərgə jaꞑƣaƣ ʙərərdi.

„jol ɵtkycilər esləjlərmi unь?"

— „hə, ʙittə, jərimtə jolavcьlar esləjdilar, şu jьl jazda ʙittə aja[1]) keliʙ nəzaratcьnь soraƣlaʙ unьꞑ gɵrigə ʙardь".

men ƣьzьƣьş ʙilən soradьm—„ƣandai aja?",

— „gɵzəl aja" ʙəccə ginə çavaʙ ʙerdi:— u altь at taƣьlƣan zinətli ərəvəgə miniʙ ycələ ʙajvəccələr, ʙir inəgə və ƣara tazь it ʙilən kelgən edi. nəzaratcь ɵldi degən haman jьƣlaʙ juʙardь. və ʙalalarƣa dijdi: „sizlər hec ƣajaƣƣa ketməsdən oturьꞑьz, men mazarьstanƣa

---

[1]) puşkindən ʙurun ɵtkən məşhyr ʙir jazucь.

[2]) oşa jazucьnьꞑ jazƣan ʙir hьkajasьdaƣь ƣahramanь.

[1]) aja—ana ma'nasьda eməs, ʙəlki rusca барыня ma'nasьdadьr hyrmət ʙilən eski əməldarlarnьꞑ xatьnlarьnь aja dijədir.

tyşəmən". unь həm eltən men edim. aja mengə: „men øzim jolnь вiləmən"—dedi. mengə вeş kymyş вerdi—xajьrlь aja edi!.."

mazarƣa keldik, jalanƣac, dəвdələ nə kyz jaƣac вilən və nə jəkkəjalƣьz jaƣaclar вilən pənçərələnməgən, cəв вutlar qadalƣan həjlavat вir çaj tuƣьlƣanьmdan вujan вundaj ƣamlь mazarnь kørməgən edim.

„mənə eski nəzaratcьnьn gəri" qara вutnьn icigə mis şəklidə tepələngən qum toplamьƣa səkrəв cьqьв вala dedi.

— aja (jəki xanьm) həm şu jergə kelgən edimi? men soradьm „hə, şu jergə" vənkə çavaв qajtardь. „men unа uzaqdan qaradьm. u şu jerdə əncə vaqt jatdь. innəjkin qьşlaqqa вarьв damьllanь (ropnь) caqьrьв una aqca (hədijə) вeriв çənədi.

mengəjəm вeş kymyş вerdi-hyrmətli xanьm paşşa!

men həm una (вalaƣa) вeş kymyş arnuƣan qьlьв вekər jurişim—avara gərciligim və nə вehydəgə xarç qьlƣan jetti somьnƣa əcinməs edim.

---

## tьnlanьz...

**həвiвylla sulajman.**

вu kyn,
azadlьq qucaqьda erk kyjini kyjləjdi
işci
həm dehqan.
şu zavqlь kyjni—
calьnьz dunja øktəвrinin calƣьsьn...
əsirlər
u...
məl'yn
fitnəcilər məskən
qorƣan edi jurtьmьzda,
pak tənlərdən
gynahsьz
вaşlar çuda вolƣan edi.
şu jolda,
şu xelda,
milijən—milijən
kəllələrdən
taƣlar,
sarajlar jasadь..-
kejin,
—вu kyndəci?
joq!
joq вolƣan!
kyl вolƣan!..
вizlər mehnət вatьrlarь,
s.s.s. r. topraqьda
erk kyjini kyjləjmiz.
qaran.
hajatnьn zьjasь,
mehnət əhlinin qujaşь,
fəвrik
zavutlarda,
maşьnalar qalвьda
zəfər calqusьn calmaqda.
вiləsizmi?
u jerdə
jənі hajat
jaqьmlь hidlər вaxş etədi.
amma
uzaqlarda
kapital,
qanxur,
vəhşilər dunjasьda:
qavьm qarandaş,
вiznin jolda joldaş,
əkələr, ykələr,
məzlymələr,
ezilişdə,
—jəncilişdə,
вaşlarь kesilməkdə.
ənə,
ənə qulaq salьn.
dorqьnclь tavьşlar,
vaqtsьz ølişlər.
ezilgən gəvdələr,
məçryh tənlər,
tьnlan...
oj,... s. s. s. r. qucaqьdaƣь prəletərlər.
qutulьş signalьnь calьnьz...
alƣa taman вasьnьz.
alƣa
qorqmanьz.
—qorqьş вolmasьn.
kapital dunjasьƣa ot qojьn,
jansьn,
kyl вolsьn..-
şunda:
tez kyndə
qьzьl вajraq tarьqda jaşnajdь,
вytyn çahanda:
mehnət eli quvnaq
tiləklər сьraqь parlajdь.

---

Telegram adress:

@turkiston_kutubxonasi

# jəŋi dəvr jigitləri.

altaj.

(əkədemijəni вitirgən 370 kəmmynist ortaqlarьmqa)

keŋ qucaqlar kerildi,
qaraŋqь kecələr hyrkdi.
iş taŋьda:
jəŋi—saf jyrəklər,
kyrəş tanaplarьn tartdь.

---

keŋ ylkədə jajьlqan,
qujaş nyri eməs,
kəmmynist nyrləri.
ular: leninci—markisci jigitlər,
вu kyn hajat tolqunьqa kirdi.

---

eradalar polat—dek pьşьq,
ətkyr kəz вilən uzaqnь kərgyci,
jьllar ьnqь'laв kitaвьnь kemirgən.
şy'ləli, qajnaqan jigitlər.
kəmmynizim uruqlarьnь sacqucь.

---

ustalar teşəsin,
pьcaqьn qajraв,
qavlarnь qьrqmaqcь.
jəŋi dunja iplərin
mijə—ruhlar talasь вilən
— вaqlaв uluq şəvkətlər qurmaqcь.
вu вatьr jigitlər satsьjalьzьm—
qurь'ьşlarьnь—
вələndlərgə caqnatmaqcь.

---

əj keŋ məhnət ylkəsiniŋ
вyrcəkləridə janqucь
dana ləmpələr.
əj kəpcilik ammaqa
mehnətci ьnsanlar icigə
fьrqanьŋ jəganə jolьda
ketkyçi erklər.
əj uluq dəvr şь'arlarьn,
əməlgə aşьrqucь ynsirlər,
kyrəşdə jeŋiş—işdə zəfər tiləjmən.

---

əlvida' tərt jьllьq dostlarьm.
əlvida' tarьxьmnь parlatqan məktəвim.

məskəv əkədemije.
29/V—29 jьl.

---

# əj taq вatьrь!

s. çorə.

(kanda вir işcini kergəndə).
əj taqlarnь, taşlarnь titrətkən вatьr!
qalвiŋ pak sədəf, ymidiŋ tolqun..
əj mehnətlə çahannь alqusь вatьr!
əməliŋ parlaq. tiləklər çoşqun
u... taqdan jalqьn—ucqunlar cьqsьn.
mehnətdən ymidim qujaşь kylsin.
parcala! u kirli hajatlar kyl вolsьn...

---

mahьr qolьŋda tygənməs kyc qajnaв;
temir вalqa'arnь qattьq urqanda,
taq eməs, çahan, səltənət, sarajlar
titrədi... parcalandь... sen qozqalqanda..

---

ej, taq—taşlarnь titrətkən вatьr!
u jyksək taqlarda вalqa urqanda;
qalвьmda mehnətkə вir ymid qajnadь...
səmimii kəŋildə zavьqlar ojnadь...

---

# məktəʙ məs'ələləriniꞑ umumь usullarь.

## usul toƣrьsьda tyşincə

ivanof.

usul səzi qandaj ʙolsa ʙir myəjjən maqsadƣa erişmək ycyn ilgəridən ʙilgiləjturƣan jolnь kərsətədi.

tə'lim—tərʙijə işidəgi usul qandaj ʙolsa ʙir tyrli tə'lim--tərʙijəvij maqsadƣa erişmək ycyn tədriçij rəvişdə fajdalanaturƣan ʙir qanca usullardan ьʙaratdьr.

tə'lim işi ʙəçərilgən vaqtda myəjjən ʙir tə'limij matьrьjalnь işləʙ cьqьş nətiçəsidə tərʙijə və ma'lumatƣa dajьr amьllarnьꞑ majdanƣa kelişni alda tutadь, jə'ni ma'lumatьnь keꞑəjtə ʙarƣan kişidə hər tyrli təʙi'ij xьslətlarnьꞑ jyksəlişi və unьꞑ dunjaƣa qaraşьƣa tə'siri ʙolaturƣan ʙir qadar ʙilimlərni əzləştirişi majdanƣa kelədi cynki tə'lim işiniꞑ ʙəçərilişidə oqutucь və oqucь iştirak qьlƣanlьqlarьdan tərəfəjinniꞑ hər ʙirisi qandaj şəkildə qatnaşьş və tə'lim--tərʙijə işiniꞑ ʙəçərilişdə asasь ucьncь qьsm—tərʙijələj turƣan myhitdən (məktəʙ, ajilə kəʙi myhit, çamaat və tevərəkdəgi təʙi'ij və mədənij şarajьt) oqutucь həm oqucьlarnьꞑ qandaj rəvişdə fajdalana ʙilişlərigə qaraʙ məktəʙ işləridə hər xьl usullar və jollar hasьl ʙoladь.

məktəʙ işləridəgi usullarnьꞑ ajьrmasь tə'lim—tərʙijə işiniꞑ ʙəçəriləturƣan vaqtda oqutucь həm oqucьnьꞑ faalьjat kərsətiş dərəçəsi ʙilən ʙilgilənədi tə'lim vaqtьda faalьjat kərsətəturƣan kişi oqutucь ʙolьʙ, oqucь işgə jyzəki qarasa usullar həm jaxşь ʙolmajdь: oqucь həm oqutucь faalьjat kərsətsə ul vaqtda jaxşь usullarƣa egə ʙolьnadь. ycinci ьhtьmalnьꞑ həm ʙolьşь mymkin: oqutucь işgə jyzəki qaraʙ oqucь faalьjat kərsətədi. şundaj ʙolƣanda məktəʙdə tərtiʙsizlik davam qьladь. ʙu vaqtda qandaj ʙolsa ʙir usul haqьda zozləşkə toƣrь kelməjdi.

tə'limdəgi jyzəki usullar toƣrьsьda gəprilgəndə həmmədən əvvəl qujьdaƣьnь həm ʙildiriʙ ketiş zəryr. oqucьlarnьꞑ faalьjatsьzlьƣьnь mutlaqь rəvişdə eməs, ʙəlki nisʙi mə'nisidə tyşiniş kerək. oqucь, çanlь aqlь mahьjatlь, kişi ʙolƣanьdan hər ʙir tə'sirgə cetdən ʙolaturƣan hər ʙir tazьqnьꞑ qandaj sifətdə, şəkildə və məzmyndə ʙolьşьƣa qaramasdan, ʙir dərəçə faalьjat kərsətədi. şuꞑa kərə tə'limii işlər ʙəçərilgəndə oqucьlarnьꞑ faalьjatsьzlьƣьnь, kəm dərəçədə kərsətilədi deʙ ginə aꞑlaş kerək.

usullarnь tə'limii iş ʙəçərilgən vaqta oqucьlarnьꞑ işgə jyzəki qaraş və faalьjat kərsətişlərigə qaraʙ ʙolьşdan taşqarь, məktəʙ işləridəgi şu usullar, jənə ajjar ʙilimlərni tapşьrьş və mustaqьl rəvişdə tadqьq qьlьş usullarьƣa həm ʙəlinədilər. tajjar ʙilimlər usulь faalьjatsьz (məsələn səzləʙ kitaʙƣa qaraʙ ərgətiş usulь) və faalьj mehnət kərsətiş jolьda ʙolьşь mymkindir.

juqarьda kərsətilgən səʙəʙlər ʙojьnca məktəʙ işləridəgi usullarnь qujьdaƣь tərtiʙdə kərsətiş mymkin:

### I—tajjar ʙilimlərni tapşьrьş usullarь.

tajjar ʙilimlərni tapşьrьş usullarь ʙir munca ʙolьʙ ularnь acьq etiʙ tə'rif qьlьş ycyn my'əjjən ʙir tərtiʙdə kərsətiş mymkin. ul esə oqucьlarnьꞑ əsiʙ ʙarajatqan faalьjatь ʙojьnca ʙoladь. şu caƣda məktəʙ işləridə qujьdaƣь usullar kirqiziləди:

1) kitaʙƣa qaraʙ oqutьş usulь xьllarь ʙilən ʙirlikdə:

a) savallar ʙerməsdən dərs ʙeriş usulь,

ʙ) savallar ʙeriş jolь ʙilən çavaʙlar alьʙ oqutuş usulь və,

v) çavaʙlar alьşda oducьƣa jardam ʙerəturƣan savallar ʙeriş jolь ʙilən oqutьş usulь,

2) fən usulь,

3) faal mehnət kərsətiʙ oqutuş usulь və texnikə (mator) usulь.

a) rəsim alьş,

ʙ) gozəl jazьş,

v) qol mehnəti və şuꞑa oxşaş ʙaşqa usullar.

#### 1) kitaʙƣa qaraʙ sozləʙ oqutьş usulь

a) tajjar ʙilimlərni tapşьrьşda aƣzəki jəꞑi kitaʙdan qaraʙ səzləş qulajraq vasьta ʙoladь. ilgərigi məktəʙlərdə səz kəprək vaqtda qujьdaƣь formada qollanьldь:

ʙirincidən ʙujruq şəklidə ʙolьʙ myrəʙʙiiniꞑ alдьƣa qojaturƣan vəzifəsi oqucьnьꞑ fikrini qandaj ʙolsa ʙir işgə qozƣatьş, jaki qandaj ʙolsa ʙir işni toxtatьşdan ьʙarat edi.

ikincidən hikəjə qьlьş, təsvir etiş şəklidə ʙolьʙ, ʙundan maqsad oqucьƣa my'əjjən ʙir işni kəz

aldьqa keltirib kerə alьş. təsvir (opqaн) lər və qajalar toqrьsьda bilgili bir cьzьq cьza alьş quvasьnь beriştir.

ycinciden myzakərə qьlьş və ezah beriş rəvişidə bolsa, bundan maqsad fikr jyrgiziş və mulahaza qьla bilişdə oqucьqa bilgili jol berişdir.

tertinciden juqarьda sanalqan sez bilən tə'sir qьlьş formalarь (sujləş, hikəjə qьlьş və mulahaza) nəsehət beriş, ьşantьrьş formasьda boladь.

bu usul qollanьlqanda balanьn başlьca işləjturqan yzvii eştiş quvasь boladь. kitab oquqanda kezlər həm hərəkətkə keladi. kitabdan oquş matьrьjalь sez, jə'ni eşitiş yzvii bolqanьdan zihingə alьşda keznin kep işi barlьqь toqrьsьda sezləşkə toqrь kelməjdi.

sezləb oqutьş usulьdaqь bu formalarda oqucьlar faqat oqutucьnьn ularqa ajtaturqanьnь qьna tьnlaqanlьqlarьdan, oqutucь esə mə'lymətini hikəjə qьlьş, jaki leksijə formasьda tapşьrqanьdan, buna savallar berməsdən oqutuş usulь (акроматический метод) deb jyrtiledi.

oqucьnьn kebrək faalijatьnь kersətişdə myrəbbi bilən tərbijələnəturqanlar arasьda erkin rəvişdə çanlь syhbət formasьda sezlər qollanьlьşь işnin bir dərəçə ilgərileşigə vasьta boladь. oqucь bundaj syhbət vaqtьda ezinin faalьjatьnь, mustaqьllьqьnь, ez fikri və mulahazasьnь kersətə alьş mymkin boladь.

в) ilgərigi vaqtda sez bilən oqutьş usulьnьn jənə bir formasь bar edi; una dijelegiceskii forma dijiledi dijələglər (iki kişinin ortasьda sezləşişləri) oqutucь bilən oqucь ortasьda kebrək vaqtda oquв etilgənlərn təkrarləgəndə qollanьladь, şu vaqtda oqucь oqutucьnьn jyzəki berileturqan savallarьqa, jadlaqan mə'lym çymlələr bilən çavaв qajtaradьr.

sez bilən oqutuş usulьnьn bundaj saval-çavab bilən oqutьş formasьnь (erkin rəvişdə syhbət qьlьş) savallar beriş jolь bilən çavaв alьв oqutьş usulь (эротематический) deв həm ataladь.

v) sez bilən oqutьşda mykəmməlrək bolqan usul savallar beriş usulьdьr (эвристический). oqutucь oqucьlarqa qandaj bolsa bir tyrli mə'lymət beriş ycyn ezi sezləв berməjdi, bəlki dərsnin myndəriçəsi jyzəsidən ularqa saval berədi. savallar oqutucьlarnьn fikrini my'əjjən çavaвqa toqrь keltirərlik və dyryst çavaв beriş kerəkligini oqucьnьn ezi tyşinib alaturqan etib tyziledilər.

bu usuldan kez aldьda tutьlqan maqsad oqucьlardan mustaqьl fikr mustaqьl rəvişdə mulahaza qьlьş və ergənileturqan nərsəni tyşinib alьş quvasьnь qozqatьşdьr.

## 2—fən usulь

kitabdan sezləв oqutьş usulь məktəbdə oqutьş işidə en eski usullardandьr. bu usulda qollanьlaturqan jollarnьn kifaja qьlmaqanlьqь tə'lim-tərbijəvii işlərdə əncə vaqtlar burun bilingən edi. bu joldaqь təçribə şundaj nətiçə berdi, kim oqutucьqa kyclirək tə'sir qaldьraturqan nərsə sez bilən berileturqan tə'sirlər eməs; bəlki toqrьdan toqrь kezgə həm başqa yzvlərgə tə'sir beraturqan nərsələr və hadisalarda sez bilən oqutьş usulьqa qoşumca sifatidə olaraq mə'lym bir nərsəni kersətib oqutuş usulь boldь. bu usul bilən oqutqanda kitabqa qaraв sezlər oqutuşqa qoşumca olaraq hər xьl təsviri materьjallardan (tablitsa), sərətlər, taxtaqa jazьş və rəsim tyşiriş qurallarьqa oxşaş nərsələr boldь. bundan kejin təsvirlər həm isxemələr ornьqa haqьqьj nərsələr kersətilə başladь. şuna kerə bu usulnь fən usulь deb ataldь. fən, jaki kersətib oqutьş usulьqa pajdevar saluqan kişi amys kamenskijdir (1520—1670). ul „nərsələrni kyzətiş ycyn kişinin hisləri ertərək açьlьşь kerək, cynki ul ezinin bytyn hajatьda kep nərsə bilişi, tanьşь və majdanqa keltirişi lazьm" dedi. mə'lym bir nərsəni kersətib oqutьş jaki fən usulь hazьrqь zaman məktəbidə həm kattə orun aladь, qьsьman bu usul hazьrqь şura mehnət məktəbinin həmmə basqьc və həmmə tiplərida muvaffaqьjat bilən fajdalanьladь.

fən usulьnьn jaxşь tamandan bolqan əhəmijətini sajalandьrьş ycyn germənijənin məşhyr pedəgogi lajnin sezlərini keltirəmiz—ul „biznin həmmə tadqьqlarьmьz, fən usulьdaqь tyşyncələr tegişli faalьjat kersətilgəndə en myhim şarajьt, və məhkəm, mantьqьь, axlaqьь həm nəfis jol bilən ьşantьrьşьnьn asasь bolqanьnь tasdьqlajdь". sez bilən eməs, bəlki fən usulь bilən tyşyniş, bizdə turmuşqa jaraşlь çiddij sezgilər, acьq fikr jyrgizə biliş, kycli erk və faalьjat tuqdьradьlar. fən usulьda aqlь toqrьlьq, kycli ьdrak, tazalьq və hislər tədbiri bar. intiliş erki, aqьl ьxtьjarь, ьdrak azadlьqь fən usulьnь istəjdi. fən usulь erkni tərbijələş ycyn birinci və myhim bolqan şarajьtdandьr".

kersətməli, fən usulьnь tatbьq qьlьş ycyn bilimnin hər xьl qьsьmlarьnь kersətiş mymkin bolaturqan etib, məktəbnin tyrli jardamcь əşja və asbab bilən jetərlik mьqdarda tə'min qьlьnьşь zəryrdir. məktəbdə fizikə, təbi'ijjatnь ergəniş, rьjazьjat, ylkəni ergəniş kəbinetləri və suna oxşaş başqalarnьn majdanqa keltirilişi zəryr. sərət, çədvəl, dijəgrəmmə kəbi nərsələrnin jetərlik mьqdarda bolьşь lazьm. syn'ii bolqan kersətmə oquş asbabьnьn nəfis baçərilişi və ularnьn toqrь bolьşь tələb qьlьnadь. haqьqьj nərsələrdə joq xьslatlarnьn rəsimlərdə bolьşь haqьqat toqrьsьda oqucьlarda jalqan tyşyncə tuqdьrьş mymkin. şunьn bilən birlikdə oqutucь bir nərsə jaki hadьsanьn xudda ezidən fajdalanьş mymkin bolmaqanda qьna, jardamcь syn'ij kersətmələrgə myraçəət etə alqanьnь esidən cьqarmaslьqь lazьm.

fən usulь qollanqanda oquv işləri taxmьnan qujьdaqьca jyrgiziledi. oqutucь leksijə usulь bilən dərs bergəndə tə'rif qьlaturqan dərsigə anьqlьq kirgiziş ycyn sezlənəturqan nərsələr və hadьsalarnь kersətiş jolь bilən, jaki sərət, xarьta, madellar kersətib, jaxud jazьв, cьzьв kersətiş jolь bilən vaqt-vaqt ezinin fikrini anlatadь. sonqь ahval hər bir oqutucь, ajnьqsa oqucь jaş balalar bilən işləjturqan oqutucьnьn grafikanь (cьzьş, rəsim tyşyriş) jaxşь biliş lazьm ekənini kersətədi.

## v— faalьь mehnet usulь

oqucьlar вu usul qollanqanda вerilәturqan вilimlәrni atraflь rәvişdә zihinlәrgә alsalarda lekin kәrsәtmә oqutьş usullarь вilәn davam qьlqanda hәm işgә jyzәkii qaraqanlьqlarьqa kәв ucraladь. вilimni zihingә alьş ycyn әzlәlәr hәrәkәti, kişi a'zasь jaki hәrәkәt (matornь) hislәr tartьlqanda iş çydә keskin вir halda әzgәrәdi. hәrәkәt—matornьь usul (toqrьsь вir munca şundaj usullar) вoladь. oqucьlar әzlәrinin, oquv işlәrini, kәrgәnlәrini sәrәtkә alьş cьzьв kәrsәtiş, qol işlәrinin hәr xьjlьnь madelqa alьş jolь вilәn jyrgizişlәri lazьmdьr.

әzәlә hәrәkәtlәrnin hәr tyrli nәv'lәrigә jәrәşә, вiz faalьь mehnәt kәrsәtişdә hәrәkәt usulьnьn вir qanca xьllarьqa egә вolьşьmьz mymkin.

## a) rәsim alьş usullarь

tәвi'әtdә вolqan вalalarnьn rәsimgә vә вaşqa tәsvirii sәn'әtdә myhәввәtlәri вoladь. mәktәвnin vәzifәsi вu intilişdәn fajdalana vә unь taraqqьь etdirә вilişdir.

rәsim alьş hәmmәdәn әvvәl kişini kәrişkә әrgәtәdi. вiz adatda myjymlәr vә hadьsalarqa anlaв vә dьqqat вeriв qaramajmьz, әzimiznin kyzәtkәnlәrimizni esdә saqlaj вilmәjmiz. „kәriş hәm eskә ala вiliş" gә rәsim hәmmәdәn jaxşьraq әrgәtәdi. pedәgeglәr вuna әllә qacandan вujan әhәmijәt вeriв kelәdilәr. pestalotsь „toqrь kәrә вiliş ьstь'dadь—sәn'әtdir, вuna әrgәniş kerәk" dedi. pestalotsinin jolьnь ta'qьв etyci mәşhyr pedәgeg distirverg „kәrә вilişkә rәsim alьş jardamь вilәn ginә әrgәniş mymkin" deв jazdь vә вuna qoşьв: „вir saat rәsim tyşyrәturqan kişi, faqat 10 saat вojьnca qarajturqan kişigә kәrә hec şyвhәsiz kәrsәtmә işidәn zihingә kәвrәk nәrsә aladь" dedi. әzini tanьtqan nemis jazucьsь getinin ajtkәnini kәrsәtiş kerәk вoladь. ul „az jazьş, amma kәвrәk rәsim tyşyriş kerәk" deв kәв vaqtda ajtәr edi. psixa—fizijәlәgijә tekştrişlәri вiznin hislәrnin hәmmә yzivlәri mytәhәrrik apparatlar вilәn вaqlьq вolqanlьqlarьnь kәrsәtәdilәr. вunьn nәticәsidә вiznin hәr вir yzivnin әzigә alьş quvasь hәrәkәt вilәn qoşuladь. şunьn ycyn hәr вir kyzәtkәndә zihingә alьşnь kәz hәrәkәti вilәn qoşьş zәryr вoladь. әksәrijәtdә вunьn sәrәt tyşiriş jolь вilәn muvaffaq вolьnadь.

sәrәt tyşiriş, mәktәвdә çydә вyjyk orun alьşь kerәk. lekin rәsim tyşiriş alahьda oquş nәrsәsi ginә вolьв qalьşь jaramajdь. вundaj ahvalda ul çansьz, fajdasьz вir nәrsә вolqusьdьr. sәrәt tyşirişdәk mәktәвdә әrgәtilәturqan hәmmә işdә fajdalanьş vә вilimnin hәmmә qьsьmlarьqa xьzmat kәrsәtişi kerәk. şundaj şarajьt вolqanda rәsim әzi ginә çanlь вolmajdь, вәlki вaşqa dәrslәrni hәm çanlantьradь.

rәsimgә şu xьlda qarasa ul oqucьlarnь rәsimgә vә вaşqa dәrslәrgә hәm qьzьqtьrьşqa sәвәвci вoladь.

rәsim tyşiriş hәmmәdәn әvvәl tәвi'әtni әrgәniş dәrsigә orun alьşь lazьm. mәsәlәn, qandaj вolsa вir yziv, çisim toqrьsьda mә'lymәt вeriş ycyn yziv jaki çisimnin tyzilişi, şәkillәri vә unьn jyksәlişidәgi hәr xьl dәvirlәri toqrьsьda tyşiniв вir fikr alьş jolьda вir qanca rәsimlәr işlәş mymkin, вu caqda acьq havada çanlь tәвi'әt вilәn вәraвәr sәrәt tyşiriş tәvsijә qьlьnadь. вu xьl sәrәt tyşiriş sinifdәgigә qaraqanda oqucьlarnь mәsafәnin әlcәnişlәri вilәn tamaman вaşqa maştaвda tanьştьradь, ularda çanlь tәвi'әtkә qьzьqьş vә myhәввәt tujqularьnь qozqatьв una jaqьnlaştьradь.

ana tili әdәвijjat vә ьçtьmaьjjatnь әrgәtkәndә hәm rәsim tyşirişni, әrgәtiş metәdi sifәtidә ken jolqa qojьş zәryr. вunda kәвrәk tarьxьь әsәrlәr, xatьralarnь rәsimgә alьş vә әzi ojlaв sәrәt tyşiriş kerәk. әz fikri вilәn ojlaв sәrәt tyşiriş, adatda oqucьlarnьn әzinin sәnaji nәfisәvii eçadь вoladь. rassamnьn sәrәtidәn nusxa alьş emәs. вu xьl sәrәt tyşiriş, u toqrьda my'әjjәn вir tyşyncәlәr vә şәkillәrni mystәhkәmlәş вilәn вirlikdә, ularnьn eçadьь xajallarьnь hәm jyksәltәdi.

вir nәrsәgә qaraв sәrәt alьş (naturadan) çuqrafьja әrgәtkәndә hәm kәttә orun alьşь lazьm.

вundan taşqarь rәsim, oqucьnьn вilimini tekşirişdә jaxşь usuldan вoladь. oqucь tamanьdan işlәngәn rәsim, sәz вilәn uzun ьzahlar вerişigә qaraqanda unьn mә'lymәti toqrьsьda әncә dyrystrәk tyşyniş ьmkanijәti вerәdi. вundan taşqarь kәв vaqtda rәsimgә qәraв oqucьnьn nimәni vә qandaj sәвәвdәn tyşinmәgәnligini вilgilәşgә muvaffaq вolьnadь.

## в) gәzәl jazьş usulь

gәzәl jazьş usulьqa isxemәlәr, tyrtmәlәr, pьlanlar, xarьtalar, вaşlьca cьzьqlar vә dijәgirәmmәlәr kirәdi. masьştaв vә әdәd qollanaturqan hәr вir rәsimni hәm, вuna kirgiziş mymkin.

gәzәl jazьş usulь mehnәt mәktәвidә hәm myhim orun alьşь kerәk. вu usulnьn hәmmә dәrslәrgә vә әrgәtilәturqan umumьь mә'lymәt dәrslәrinin hәm hәmmә qьsьmlarьqa kirgizilişi zәryr. gәzәl jazьş usulь tәвi'әtni әrgәniş, çuqrafьja, rьjazьjat, fizikә, ьçtьmaьjjat vә вilimnin вaşqa qьsьmlarьda hәm ajrьmca kәttә әhәmijәtgә egә вoladь. mәsәlәn temperaturanьn әzgәrişlәrini egiri cьzьq jardamь вilәn, jerdә jatqan qarnьn cuqurlьqьnьn әzgәrişini hәr xьl вәlәndlikdәgi toqrь вyrcәklәr jardrmь вilәn вiliş mymkin. toqrь cьzьq jardamь вilәn әsimliklәrnin, mәsәlәn вuqdaj, paxtanьn вojьdaqь әzgәrişlәrni вiliş mymkin. kәr xьl san nuqtalarь вolqan myrәввә'lәr alahьda rajon, vьlajat hәm dәvlәtlәrnin ahalьsь azmь, kәвmi ekәnini acьq вilişkә imkanijәt вerәdi... dajьra jardamь вilәn qьşlaq, rajon vә şuna oxşaş вaşqalarnьn fajdalь jer, qьşlaq xoçalьqь mahsulatь вojьnca jerlәrnin вәlinişini tәsvir qьlьş mymkin. çuqrafьja xarьtalarьda şәrtli (условный) вilgilәr, mәjdә cьzьqlar, rәsimlәr, etnәgrәficeski әlamәtlәr вojьnca ahalьnьn kәвmi, azmь ekәnligini kәrsәtkәni halda вәlinişini şu atrafnьn tәвii вajlьqlarь, xoçalьq ahvalь vә şuna oxşaş вaşqa jaqlarьnь kәrsәtә alьşlarь mymkindir.

mәktәвnin kyndәlik işlәridә әrgәtiş usulь sifәtidә tyrtmәlәr, cьzьqlar vә dijәgirәmmәlәr вilәn fajdalanqanda axьrda әtilgәn qurs, jaki вәlimni kәttә mьqdarda işlәngәn rәsim, tyrtmәlәr, cьzьqlar vә dijәgrәmmәlәrdә kәrcәtiş ycyn oqucьlarqa imkanijәt вeriş

jaxşь ʙoladь. ʙunьꞑ ycyn hər ʙir işləʙ cьqalƣan, ergənilgən ʙelimni mymkin ʙolƣanьca gyryppədə jakl sinifdəgi oqucьlarnьꞑ sanlarьƣa munasьʙ mavzy'lərgə ʙelip, məzkyr ʙelimni ajrьm rəsimlər, tyrtmələr, dijagirammə və cьzьqlar şəklidə kettərək, jaki kicigrək mьqdarda ez mavzy'i ʙojьnca işləʙ cьqьʙ tegişli jazmalarь ʙilən ʙirlikdə tapşьrьşnь oqucьlarnьꞑ hər ʙiriga təklif qьlьş kerək. ʙu işlərnin həmməsi toplanƣandan kejin, ular etilgən qurs jaki ʙelimni tezlikdə təkrarlaşkagina imkanijət ʙeriʙ qalmasdan, ʙəlki ez məktəʙinin işlərini ʙaşqa məktəʙ oqucьlarьnьꞑ işləri ʙilən tьꞑlaʙ kerişgə həm imkanijət ʙoladь. nətiçədə ʙu ʙilimnin ʙilgili qьsmь ʙojьnca etilgən həmmə matьrьjalnь myndəriçə həm ergətiş usulь jyzəsidən hьsaʙƣa alьşƣa imkanijət ʙeradi.

## v) qol mehnəti usulь

qol mehnəti aslьda ergətiş həm tərʙijə ʙeriş usulь deʙ adatda jaƣac, mə'dən, qalьn qaƣaz, laj, qum, taşlandьq matьrьjal ʙilən işləş aꞑlanadь. qol mehnəti ʙalanьꞑ işkə, qurьlьş, ьçadьjatьƣa ʙolƣan arzusь, intilişgə asaslanadь. şunьꞑ ʙilən ʙirlikdə qol mehnəti ʙalalarnьꞑ kyzətiş və ojlaʙ cьqara alьş quvasьnьꞑ jyksəlişigə jardam ʙerədi, ularda təşəʙʙys və ьçadьjat tujƣusь taraqqьj etədi, puxtalьq və tamaman dyryst (точно) qьlьʙ işləş məjlinin keꞑəjişigə jaxşь ahvaluƣdьradь həm fikrni kersətəturƣan vasьtalardan ʙirisi ʙoladь.

qol mehnətini hynərgə ergənişdən qat'ьj əçrətiş kerək. şora məktəʙidə qol mehnəti maqsadnьꞑ ez emas, ʙəlki ergətiş həm tərʙijə ʙeriş vasьtasь ʙolьʙ oqucьlarnьꞑ aqlь dərsləri ʙilən ʙirlikdə ʙir ʙytyn təşkil qьladь. məktəʙdə qol mehnətini keʙrək ergətiş usulь ʙolьşь kerək.

fizikə, kimijə və təʙi'ətni ergənişdəgi ʙaşqa ʙelimlər kəʙi ʙilimlərdə qol mehnəti usul olaraq, asʙaʙ, qural, madel işləşdə, prьparatlar kimijə hazьrlaşda keriladi.

rьjazьjat dərslərida elcəş quralları işlənədi, həndəsəvii çisimlər, şəkillər hazьrlanadь.

gumanetarnьь fənlərdə (til, ədəʙijjat, tarьx, ьçtьma—ьjjat) qalьn qaƣazlar kesiladi və japьştьrьladь, jaƣac ərrələnədi, ajrьm tarьxьь həm ədəʙii təsvirlərni kersətəturƣan hər xьl tarьxьь nərsələr, ajrьm xalqlarnьn turmuşlarьdan, jaki dəvirləridən parcalar alьnadь, ʙьnalar işlənədi və ʙaşqalar.

təʙi'ətni ergənişdə qol mehnəti gьjahlar və ʙalьqlar ycyn şişə (аквариум), qurtlar ycyn devarcalarь ajnadan ʙolƣan qutьca (террариум) və əsəl ərilərinin hərəkət, tirikcilik qьlьşlarьnь kyzətiş ycyn ʙir tərəfi ajnalь devarcadan ьʙarat qutucalar işləş jolь ʙilən qollanьlьş mymkin. qurtlarnь eltiriʙ ez halьƣa keltirgəndən sonra jinə ʙilən sancьʙ qojьş, qurьtьʙ kəlleksijə təşkil qьlьş ycyn esimliklər jьƣьş, syjəklərdən iskiletlər jьƣьş, hajvanat, quşlar, ʙalьqlarnьꞑ qoroqcьlarьnь tajjarlaş, tupraq və mə'dənlərni ergəniş ycyn kəlleksijə hazьrlaş, gyllər, mevələr, hajvanat və şuꞑa oxşaş nərsələrnin madellarьnь hazьrlaş jolь ʙilən ʙolьşь mymkin.

çuƣrafьja dərsi vaqtьda tupraq, jer təgidəgi nərsələr, jer ystini təvsif qьlaturƣan elənlərnin nəmynələrini jьƣьlьʙ, qoşladьlar, ylkəni ergənişdəgi-dek hər xьl çuƣrafьj şəkillər, madellar, iş alatlarь hazьrlanadь və təʙi'ij çuƣrafьja çisimləri ʙilən tanьşьş ycyn zəryr ʙolaturƣan hər xьl elcəv qurallarь tajjarlanadь.

qol mehnəti dərslərigə hər vaqtda nafasat kirgizilişi kerək. ʙunьꞑ ycyn hər xьl matьrьjallardan işlənəturƣan nərsələrnin tyzilişi, icki qurьlьşь, jə'ni aqьlƣa muvafьq ʙolьşь, nərsənin nimə ycyn haslanьşь unьꞑ nafasat çihətidəgi formasь ʙilən iki ortadaƣь ʙaƣlanьşƣa oqucьlarnьꞑ dьqqatьnь çəlʙ qьlьş kerək. qol mehnətinin təsviri sən'ət ʙilən ʙaƣlьq ʙolьşь, işkə qьzьqьş arzusьnьn və işdə ьçadьjatnьꞑ jyksəlişini kycəjtədi.

məktəʙdə qol mehnəti ʙilən muvaffaqьjjatlь ʙir halda fajdalanьş ycyn əlʙəttə tegişli əşja və asʙaʙnьꞑ ʙolьşь kerək. məktəʙ aldьda ələhьda iş ʙelməsi, jetərlik mьqdarda qurallarnьn ʙolьşь və zəzyr matьrьjallarnьꞑ həm jetər dərəçədə ʙolьşь lazьm.

ʙu usul ʙilən fajdalanьşda zəryrii şarajьt, oqutucьnьꞑ ezi usullar həm qol mehnəti ʙilən şuƣьllanьşnь ʙilişi lazьm.

## II — tadqьqьь usul

tadqьqьь usul jaki axtarьş usulьnьꞑ mahьjatь unda asas qьlьʙ tajjar halda oqucьlarƣa taqdьm qьlьnaturƣan mə'lymat alьnmasdan, ʙəlki ʙalalarnьꞑ tevərəkdəgi hajatnь təşkilii ʙir halda axtarьşlarь alьnьşьdьr. ʙalalar tamanьdan ergəniləturƣan həmmə nərsə ʙalalarnьꞑ ezlərinin mustaqьl ʙir halda tekşirişləri sifətidə işləʙ cьqьladь.

tadqьqьь usulnь qollanьşda taxmьnan qujьdaƣь asasьь nuqtalarnь kersətiş mymkin.

a) ʙaşda ʙalalarnьꞑ təʙi'ətdə tevərəkdəgi ahvalnь pajqaşlarь məsələn ekiskyrsijə arqalь ʙoladь. ʙunda ʙalalar qьzьqьʙ qarajturƣan asasьj nuqtalar aꞑьqlanadь və ularda kyzətiş istəgi ojƣatьladь. ʙalalar ʙundan kejingi tekşiriʙ cьqьş ycyn kerəkli ʙolƣan matьrьjallarnь toplajdьlar.

ʙ) ikinci nuqta kyzətiş, tekşiriş jolь ʙilən toplanƣan matьrьjallarь laʙaratorьja usulьda işləʙ cьqqan vaqtьda tərtiʙkə qojьşdan ьʙarat ʙolьşь kerək.

v) ycinci nuqta kyzətiş jolь ʙilən toplanƣan matьrьjallarnь mystəhkəmləşdir (jazьʙ alьş, sərətgə alьş, laj ʙilən sərət halьƣa keltiriş, və ʙaşqaca). ʙu xьl kyzətişlərni jənə jəꞑi tekşirişlər, jəꞑi təçriʙələr ʙilən keꞑəjtiş.

g) soꞑƣьsь olaraq kitaʙ—ma'lumatnama ʙilən işləşdir.

tadqьqьь işlər ʙəçərilişidəgi ʙu nuqtalardan oqucьlarda „tadqьqьь apparatnь“ ʙaşdan ʙilgiləşni kez aldьda tutuladь; cynki ulardan ʙaşqa tekşiriş jərəməjdi. tadqьqьь apparat—hislər yzvilərinin həmməsi ʙolьʙ, ʙiz ular arqalь tevətəkdəgi məvçydijətni ezimizgə alamьz. ezimiznin dьqqatьmьznь ʙilgili ʙir hadьsalarƣa tyşiriʙ, ezimiznin tadqьqьь apparatьmьznь uꞑa qaratamьz, his yzvlər, eşitiş və keriş quvalarьnь, kerək

bolqanda iskəş, seziş, məşk hisləri və başqalarнъ tajjarlajmъz.

tadqъqъ usulnъ təvsif qъlъşdan, вu usul вojъnca oquv işlərini məktəвnin icidə həm taşqarъsъda вarъşъ mymkin ekənligi kerinədi.

mənə вundan вu usulnъn iki xъlъqa egə вolamъz. tadqъqъ işlərni məktəв icidə qollъnqanda laвaratorъja usulъqa, ularnъ məktəв taşqarъsъda qollanqanda ekiskyrsijə usulъqa egə вolamъz. adatda ekiskyrsijə jolъ вilən hasъl вolqan işlərnin nəticələri kejin laвaratorъja işləri ycyn matъrъjal вolqanъdan, işlərnin вarъşъda tərtiв saqlanъşъ ycyn вaşda ekiskyrsijə usulъ, kejin esə laвaratorъja usulъnъ tə'rif qъlъş muvafъqraqdъr.

## 1—ekiskyrsijə usulъ

kəttə məvcydijat dunjasъnъ вytyn halъda məktəвgə keciriş mymkin eməs, вu dunjanъn jalqъz az вir qъsmъnъ qъna məktəвgə kirgizişgə muvaffaq волъnadъ.

hec вir tyrli tə'rif qъlъş jolъ вilən və hec вir kitaв həm təsvir вilən məktəв cegərəsidə вolqan nərsələr toqrъsъda arqada turъв mə'lymət alъв вolmajdъ.faqat ekiskyrsijə вilən вalalar təcriвəsini вir dərəcə ilgəri qojъş və dunjanъn keв hadъsalarъ həm parcalarъ вilən ularnъ tanъştъrъş mymkin. oqucъlar jalqъz ekiskyrsijə arqalъ ъnsan texnikəsidən hər xъl qurъlъşlar maşъnalar, işləв cъqarъş formalarъ və şuna oxşaş, вaşqalar вilən, ъnsan sanaatъnъn hasъlatlarъ, təвi'ət ъnsanlarnъn mə'işəti və вaşqalar вilən tanъşa alъşlarъ mymkindir.

şu caqda ekiskyrsijə usulъ вalalar tamanъdan toqrъdan—toqrъ, canlъ həm haqъqъ rəvişdə hadъsalarnъ zihnlərigə alъşda və ular вilən tanъşъşda вirdən вir vasъta вoladъ. məktəв qandaj вolmasъn, ul hər halda syn'ii myhit вoladъ. məktəв tevərəgidəgi nərsələr una kirgəndən sonra ular alъnqan cajdaqъ təвi'iə myhit вilən alaqanъ joqatadъlar, ezlərinin keв hasъjatlarъdan məhrym вoladъlar, ezgərədilər və ulardan вə'ziləri keв vaqtda ikinci tyskə kirədilər. məsələn canlъ esimlikni unъn təвi'ii vəz'ijjətidə вaşqalar вilən вirgə ergəniş, вu esimlikni gərci hazъr qъna julъв alъnqanъ halda вu elgən, ez myhitidən əcrətilgən esimlikni esimliklər toplanmasъda ergəniş tamaman вaşqaca вoladъ. sərətkə, madelqa qaraв, jaki kitaвdaqъ təsvir вojъnca ergəniş, haqъqъ vəz'ijjətigə qaraв ergənişdən əlвəttə uzaq turadъ.

ekiskyrsijə usulъda kersətiв ergəniş asasъ qъna eməs, вəlki faalъjat, hərəkət negiz həm, tolъqraq və mykəmməl вir halda in'ikas etədi. cajlarda ekiskyrsijədə keriləturqanlarnъ faalъjat вilən ergəniş, ularnъ rəsimgə alъş, elcəş, toplanqan nərsələrdən kəlleksijə qъlъş вalalarnъn şu toqrъda ciddii əhəmijət вeriв mustaqъl вir halda işləşlərini istəjdi.

ekiskyrsijə usulъ ezinin tola şəklidə iki nuqtaqa egədir:

1) hazъrlъq və
2) ekiskyrsijənin ezi.

вirinci nuqta—hazъrlъqdъr. hazъrlъq oqutucъnъn sinifdə oqucъlar вilən вirlikdə syhвət qъlъşъ tarъqasъda вacərilədi. вu vaqtda həmmədən əvvəl ekiskyrsijə toqrъsъdaqъ məs'ələ qojъladъ. ekiskyrsijədən kez aldъda tutulaturqan umumъъ maqsad una jolвaşcъlъq qъlъş və unъ toqrъ jolqa qojъşdъr. вu esə dъqqat вeriləturqan asasъъ nuqtadan вolъв, вalalar ekiskyrsijədə tekşiriləturqan nərsəni ergənişləri lazъm. вundan qalqan maqsadlar şuna taвe' вolъşlarъ lazъmdъr.

ekiskyrsijənin maqsadъ ahvalqa və dərslərnin вarъşъqa qaraв sinif, вalalar, jaki oqutucъ tamanъdan qojъlъşъ həm ъfada qъlъnъşъ mymkin. maqsadnъn artъqca umumъъ, ken, namyəjjən вolmaslъqъ kerək. umumъъ maqsadnъ myfəssəlləştrilişni, jə'ni вir qanca qъsъmqa вelinişi mymkin, lekin cydə keв sanlъ və məjdə вolmaslъqъ kerək. oqutucъ mymkin вolqanca maqsadnъ acъq və toqrъ ъfada qъlъş və ekiskyrsijə arqalъ niməgə muvaffaq вola alqanъnъ ezi həm вalalarnъn acъq вilişləri lazъm.

maqsad qojъlqanda вalalarnъn zəkavəti və tekşiriş quvasъ jyksəlişi və вu вilən вirlikdə вalalarnъn qъzъqъşlarъ artъşъnъ kez aldъda tutъş kerək.

kyzətiş, tekşirişnin ezini jaxşъlantъrъş, kətəriş və вalalarnъn ekiskyrsijədə keriləturqanlarnъ anlaв qaraşlarъnъ asanlaştъrъş və ularnin qъzъqъşlarъnъ kətəriş toqrъsъda həm ojlaş kerək. вunъn ycyn ekiskyrsijənin maqsadъnъ вilgiləşdən taşqarъ aldan şu toqrъda вolaturqan syhвətni, kelgysidəgi ekiskyrsijəni təsvir qъlaturqan nərsələr, cirtirələr вilən mystəhkəmləş cydə fajdalъdъr. şunъn вilən вirlikdə oqutucъ kelgysidəgi ekiskyrsijənin nərsələri toqrъsъda umumъъ rəvişdə ginə sezləşni esdən cъqarmaslъqъ kerək. şundaj qъlqanda ekiskyrsijənin hazъrlъq qъsmъdaqъ вu myhim vəzifə, oqucъ вalalarnъn ekiskyrsijədə kerə, вiləturqan və umuman zihnlərigə alaturqan jəni nərsələrnъni jaxşъraq ezləştiriş ycyn zəryr вolqanlarъnъ kez aldъqa keltiriв ojlaşqa məcвyr etgysidir.

ikinci nuqta—ekiskyrsijənin ezidir. вu nuqtanъn вirinci qъsmъ ekiskyrsijədə keriləturqanlarnъ tekşiriв cъqъş və kyzətişdən ъвarat вoladъ. вunda вalalar ekiskyrsijədə keriləturqanlar toqrъsъda acъq, tola və mykəmməl вir mə'lymətni xatrъqa alъşlarъ lazъm. kyzətiş işlərinin вəcərilişini qujъdaqъ ajrъm mamentlarqa вeliş mymkin:

a) oqucъlar ekiskyrsijənin hazъrlъq qъsmъda alqa qojъlqan maqsadnъ zihnigə alъşlarъ və esdə tutъşlarъ lazъm. mənə şu maqsad hər вir kyzətiş və tekşirişlərdə jolвaşcъlъq nuqtasъ вolъşъ kerək.

в) oqucъlarnъn dъqqatъ ekiskyrsijədə alqa qojъlqan maqsadъqa jərəşəturqan kyzətiş şərtlərigə вerilişi lazъm. вə'zi vaqtda вalalarnъn dъqqatъ ekiskyrsijədən alda tutъlqan madsad istəjturqan nərsələrdən вaşqa qa вerilədi və kepincə ularnъn dъqqatъ nərsənin myhim вolmaqan ikinci dərəcədəgi hasъjatъqa taşlanadъ. вunъn nəticəsidə nərsəni kyzətişdə tərtiвsizlik majdanqa kelədi.

v) kyzətiş vaqtъda alъnqan təəssyratnъ esdə tutъş və mystəhkəmləş kerək. umuman alqanda вir tyrli

təəssyratlar вaşqalar ortasьda sərələngən вolьşlarь kerək.

g) ekiskyrsijə jolвaşcььь kyzətiş vaqtьda, вalanьn zihnigə alьşdaƣь xususьjatnь dajьman kez aldьda tutьş kerək. nərsəni вala tyşinməjturƣan və unь qьzьqtьrmajturƣan çihətdən qaraş jərəməjdi. вundaj вolƣanda вalanьn dьqqatь ьxtьjarьь rəvişdə вaşqaƣa ketədi, вalalarnьn zihnlərigə keв nərsə alьnmasdan qala вerədi, kerməgən—dek вir nəzər вilən qarajdь.

d) alьnƣan təəssyrat tədriçii rəvişdə вir вytyn, вir serət halьda вaƣlanьşь kerək. вu вaƣlanьş вə'zən tegişincə tola həm toƣrь вolmaslьƣь mymkin. вu halda kyzətilgənlərni qьsqaca təkrarlaş kerək.

kyzətiş vaqtьda вalalar ajnьqsa faalьjatlь вolьş larь həmmə nərsəni ezləri işləşləri kerək. jolвaşcь вalalarnьn dьqqatь вaşqaƣa ketkəndə ularnьn dьq qatьnь işləв turƣan nərsələrgə вerişləri toƣrьsьda jol kersətişi, ьstlahnь tyzətişi, zihnigə alьnaturƣan nər, sə haqьda natoƣrь myhakəmələrni tyzətişi və вaşqa toƣrьlarda rəhвərlik kersətişi ginə kerək.

ekiskyrsijənin ikinci qьsmь hər xьl mə'lymət və matьrjallar toplaşdan ььaratdьr. вalalar ekiskyrsijədə вolƣan vaqtda kyzətilgən nərsəni jaza вaradьlar və nərsələrni tola rəvişdə və qьsьmlarь вojьnca rəsimgə aladьlar, ergəniləturƣan nərsələrgə вaƣlьq вolƣan rəqamьь mə'lymətlərni qəid qьlьnьв вalalar ajrьm nərsələrdən—esimliklər, işləв cьƣarьş nərsələrini ekiskyrsijə çajьda toplajdьlar, serətkə alьnadь və şuna oxşaş вaşqa işlər вəçəriladi. вu nərsələr ekiskyrsijən вildirəturƣan xatьra nərsələr, kersətmə jardamcь asвaв ekiskyrsijə nərsələrini jənə cuqurraq ergəniş ycyn matьrьjal, ma'lumatlarnь ajdьnlaştьrьş və ularnь mystəhkəmləş ycyn vasьta və вundan kejingi ma'lumatlar ycyn matьrьjəl вolьşlarь kerək.

rəqamьь ma'lumatlar, serətlər və вundan вaşqa toplanƣan xatьra matьrьjallar kyzətiş maqsadьƣa munasьв keləturƣanlar çymləsidən вolьşь lazьm əşja matьrьjallarьnь вalalarnь ekiskyrsijədə kerilə-turƣanlar—fəвrikə, zavut, şora xoçalьƣь, dala və şuna oxşaş orunlar вilən tanьştьrьlƣandan sonra toplaş jaxşьraq. ekiskyrsijədə az nərsə toplaş, lekin unьn qьjmatlь вolьsьnь kezdə tutьş mymkin. toplanƣan matьrьjallardan jaxşьraq nusxalarьnь məktəв mezəsigə вeriş kerək. umuman toplanƣan matьrьjal həm ma'lumatlarnь laвaratorьja dərsləri ycyn xьzmat kersətəturƣan matьrьjal ornьda fajdalanьşь lazьm.

ekiskyrsijə hər xьlda вoladь. ekiskyrsijə çuƣrafьь nuqtadan jaqьn həm uzaq masafalь ekiskyrsrjəgə вelinədi. вirincisi məktəв rajonь dajьrasьda təşkil qьlьnsa, ikincisi esə məktəв rajonьdan cetdə, вə'zən səjahətgə oxşaş tysgə jaqьn вolƣan вir xьlda təşkil qьlьnadь.

ekiskyrsijə keriləturƣan nərsə, jakj myndəriçə вojьnca yc xьlda вoladь:

1) təвi'ətni ergəniş ekiskyrsijəsi вolьв, вuna dala, toqaj, taƣlar, dərjə, deniz çərləri və şuna oxşaş çajlarƣa qьlьnaturƣan ekiskyrsijə kirədi:

2) mehnət ergəniş ekiskyrsijəsi вolьв, вuna fəвrikə, zavut, məjdə sannaat xanalarь, şora xoçalьqlarь, kəlktif xoçalьqlarь və şuna oxşaş вaşqa çajlarƣa qьlьnaturƣan ekiskyrsijə kirədi.

3) çəm'ijjətni ergəniş ekiskyrsijəsidir. вuna вazarlar, вerçələr, вankalar, jirik savdaxanalar, hykymət, kəsəвə və çamaat myəssəsə həm təşkilatlarь, mezələr, serət gellerejələrigə və şuna oxşaş çajlarƣa qьlьnaturƣan ekiskyrsijə kirədi.

ekiskyrsijə jolьda iş jyrgiziş вilən erişiləturƣan maqsad həm vəzifələr:

oqucьlarda keriş və qaraj вiliş quvasьnь kenəjtiş, an qaвьlьjatьnь ezələlər вilən вaƣlaş, tekşiriləturƣan nərsələrni, ularnьn təвi'ii halьda ergəniş mələkəsi hasьl qьlьş, teverəkdəgi məvçydijətni mustaqьl tekşirə вilişdədir.

## ekiskyrsijə işidə on tyrli təvsijə

mehnət pedəgegikəsidə ekiskyrsijə etkəzilgəndə qujьdaƣь on tyrli vəsijət (qaьda) ni esdə tutьş və вəçəriş təvsijə etilədi:

1) ekiskyrsijənin səjir eməsligi, вəlki oquv işləridə məçвyrii вir qьsьm вolƣanьnь esində tut.

2) ekiskyrsijəgə вaraturƣan orunnь ergən. unьn ycyn məvzy' вilgiləв рьlan tyzgin.

3) təsadifii məs'ələlərgə kenil qojmasdan ekiskyrsijə məvzy'ini вəçərgin.

4) ekiskyrsijədə kersətə вilgənlərnin toƣrьsьda ƣьna hikəjə qьl.

5) uzun ezahlardan saqlan.

6) ekiskyrsijəcilərni jalƣьz samь' qьlьв qaldьrmasdan, вəlki ularnь faalьjat вilən işləşkə məçвyr qьl.

7) ekiskyrsijəcilərni keв nərsələrnin isimləri astьda qaldьrma cynki ular вunlarnь esləridən сьqaradьlar.

8) qaralaturƣanlarnь dyryst kersətə вil və samь'arnь toƣrь kerə вilişkə ergət, cynki həmmə nərsə ularƣa kerilişi kerək.

9) artьqca işlər вilən ekiskyrsijəcilərni carcatma əksi halda ular, senin gəpinni eşitməjəçəklər.

10) matьrьjalnь işləв сьqqanda ekiskyrsijəni una qatnaşƣucьlarnьn esidə mustəhkəm qьl.

## 2—laвaratorьja—tadqьqьь usul

ekiskyrsijə mə'lumatlarь həm matьrьjallarьnь (jə'ni ekiskyrsijə usulьnьn ycinci və tertinci pəjitləri) adatda laвaratorьja usulь вilən işləв сьqladь. lekin laвaratorьja usulь unь ekiskyrsijə matьrьjallarьnь ergənişdə qollanьş вiləngina tygəməjdi. laвaratorьja usulь kenrəkdir. ekiskyrsijə matьrьjalь laвaratorьja usulь qollanьş mymkin вolƣan matьrьjalnьn jalƣьz вir qьsmь ƣьna вoladь. вu usul şefahьj matьrьjalnь və məvzy' matьrьjalьnь ergəngəndə həm qollanьladь. вu iki formanь qьsqaca keriв etəjlik.

a) şefahьj matьrьjalnь laвaratorьja usulьda ergəniş taxmьnan qujьdaƣьca вoladь. oqutucь oqucьlarƣa вir məvzy' jaki вir qanca məvzy' iş вerədi və вu iş ycyn kerəkli вolƣan matьrьjalnь həm kersətədi. işinn həmməsi oqucьlar tamanьdan вəçəriladi.

oqucь məvzy' ojlajdь, matьrьjallar вilən tanьşadь və ularnь ergənədi və matьrьjallardaƣь hər xьl ahvalnь

salьştьrьʙ qarajdь, axrьda qandaj ʙolsa ʙir tyrli umumьj nətiçə cьqaradь kejin qьlьnƣan işini myəjjən ʙir formaƣa—rifirat, konispekt və şuꞑa oxşaş ʙaşqa ʙir şəkilgə keltirədi. oqucь tamamьdan işiniꞑ nətiçəsini cьqarƣanda, u nətiçəni faqat məvzy' formasьda ƣьna eməs, ʙəlki unь rəsim, cьrtьrə, dijagramma, kartogramma madellar ʙilən təsvir qьlьʙ korstişi təvsijə etilədi.

mustaqьl rəvişdə işləş ycyn oqucьƣa ʙeriləturƣan matьrьjallar, jə'ni ular ystidə qьlьnaturƣan iş ycyn ʙir fikr mənʙə'ləri ʙolsьnlar. oqucь ʙunda jərəməjdi.

kitaʙƣa qaraʙ alьnƣan matьrьjal ystidə laʙaratorьja usulьda işləş kitaʙ matьrьjalьdan fajdalanьş jolь ʙilən kəttə ʙir kişiniꞑ mustaqьl rəvişdə mə'lumat alьşьƣa çydə oxşaʙ qaladь. məsələn siz məktəbdə qol mehnətiniꞑ tə'lim—tərʙijə ʙilimi alьşnь istəsəꞑiz, siz ʙu məs'ələ qajsь mysənniflərdən alьnьʙ tə'rif qьlьnƣanь toƣrьsьda ma'lumat toplajsьz, kejin oziꞑiz oqujturƣan nərsəniꞑ pьlanьnь tyziʙ, oquşƣa kirişəsiz. ʙelgili ʙir vaqtda matьrьjalnь ergəniʙ ʙitkəndən soꞑra myəjjən ʙir nətiçəgə həm keləsiz.

kitaʙƣa qaraʙ alьnƣan matьrьjal ystidə ʙu usul jyzəsidən muvaffaqьjat ʙilən işləş ycyn ʙirinci şərt məktəʙdə aqьlƣa myvafьq ʙolƣan ədəʙijatnьꞑ sajlanьʙ alьnьşьdьr. əlʙəttə ʙizniꞑ ədəʙijat laʙaratorьja usulь ʙilən oqutьş işini təşkil qьlьş ycyn kerəkli jardamcь asʙaʙƣa ajnьqsa kəmʙeƣəldir. şuꞑa korə hazьrƣь zaman məktəʙi, ajrьmca jyksəltilgən tip məktəʙ ycyn hec ʙolmaƣanda „iş kitaʙь“ namьdaƣь kitaʙlarnь tezdən nəşr etiş zəryrligi majdanƣa cьqadь. ʙu iş kitaʙь şundaj ʙir dərslik ʙolьʙ uꞑa oquş işidə keʙ təçriʙələr artdьrьş tərtiʙləri kirtilgəndir. şunьꞑ ycyn ul qьsman ʙolsa həm laʙaratorьja ədəʙijjatь ornьƣa turьşь mymkindir. hazьrƣь vaqtda ʙundaj iş kitaʙьdan ədəʙiijat, tarьx, ьçtьmaьjjatь çuƣrafьja, rьjazьjat toƣrьsьda rus tilidə nəşr qьlьnƣandьr. ispirəvicniklər, istətistikə məçmy'ələri həm nəşr qьlьnƣan.

ʙ) şefahьь matьrьjalnь ergəngəndə qollanьlaturƣan laʙaratorьja usulь fizikə, kimijə, təʙiətni ergəniş işlərində texniciskii və qьşlaq xoçalьƣь fənlərində, umuman dunjada məvçyd ʙolƣan nərsələr və hadьsalar ʙilən ucrajturƣan ʙilimləmiꞑ həmmə qьsьmlarьda orun aladь.

məvzy' ʙojьnca laʙaratorьja usulьda ʙaraturƣan işiniꞑ əzi umumьь rəvişdə qujьdaƣьca jyrgizilədi.

oqutucь aldan iş şarajьtь toplajdь və unь ьfada qьladь həm ʙu şarajьtnь ʙəçərgən vaqtda ʙilgili ʙir nətiçəgə keliş mymkin ʙoladь.

iş şarajьtь və pьlan mymkin ʙolƣanьca oqucьlar ʙilən ʙirlikdə myzakərə qьlьnadь.

oqucьlar iş şarajьtьnь ʙəçərgənləri halda mustaqьl rəvişdə əzləri umumьь ʙir nətiçəgə keliş jolьnь izləjdilər.

nətiçə işni təkrarləʙ, jaki işni ikinci ʙir josunda ʙəçəriliʙ tekşirilədi.

işlər toƣrьsьdaƣь hьsaʙat oqucьlar tamanьdan tyzilədi, şu ʙilənʙirlikdə ular, əzləri tamanьdan kəşif qьlьnƣan qanunnь mustaqьl haldə ьfada qьlьʙ ʙerədilər.

işni oqutucь ʙilən ʙirlikdə tekşiriş kerək, cynki ʙunda xatalar korilədi, ьfadələr anьqlanadь və şuna ʙaşqalarь həm ʙəçərilədi.

oqucь ʙə'zi vaqtda əzinin təçəriʙəvii işini ʙir qanca mərtəʙə işləjdi, ʙə'zi vaqtda umumьь ʙir təçriʙə alьş ycyn, iş tərt—ʙeş josunda ʙəçəriliʙ korilədi.

ʙunda laʙartorьja dərsləridən mьsallar keltirəmiz. məsələn, ʙiz təʙi'ətni ergəniş dərsləridə olturamьz. oqutucь hava və unьꞑ tazььqь toƣrьsьda syhʙət ʙaşlajdь. syhʙət təçriʙələr kərsətiʙ (kərsətmə usuli) davam qьladь. ʙə'zi ʙir pəjitlərni tyşyntirgəndən soꞑra (oqutucь ʙilən ʙirlikdə) oqutucь təçriʙə və əməlii işlər sifətidə ʙalalarƣa ʙir munca məs'ələlər ʙerədi. ʙytyn sinif ycyn matьrьjal ʙolƣanda oqutucь həmməsigə ʙir məs'ələni tarqatьʙ ʙerədi, əgər ʙundaj matьrjal ʙolmasa ul sinifniꞑ ʙir qanca gyryppəsigə tyrli məs'ələlər ʙerədi və əzi ʙir—iki saat qadar vaqcetkə ketiʙ turadь. oqucьlar alƣa qojьlƣan məs'ələni, qurallar ʙilən mustaqьl halda fajdalanьʙ cьqaradьlar. kejin oqutucь ʙalalar ʙilən ʙirlikdə təçriʙə nətiçələrini myzakərə qьladьlar. ʙalalar rəsim tyşyrədilər, ʙə'zi caqlarda lajdan ʙir xьl nərsə işləjdilər və qandaj ʙolsa ʙir tyli qural hazьrlajdьlar.

ʙunda şu xьlda faalьjat ʙilən matorнь tipdəgi iş, fikr ʙilən faal rəvişdə tadqьqь tipdəgi iş ʙilən nəvʙətləşədi.

laʙaratorьja usulьnь qollanьşda ikinci tip şu, ki oqucьlar tadqьqь sifətdəgi işdən qandaj ʙolsa ʙir zədənjə aladьlar və əksərijətdə unь əzləri mustaqьl rəvişdə faqat jolʙaşcь oqutucь aldьda işləʙ tekşiriʙ cьqadьlar.

ʙu xьl işni fizikə, kimija, hajatьjat, təʙi'ətni ergənişdəgi ʙaşlanƣьc qursьda mykəmməlrək ʙir formada jyrgiziş mymkin. məktəʙdə ʙaşqa ʙilimlərdə həm, laʙaratorьja usulьnьꞑ şu formasь ʙilən şundaq fajdalanьş mymkin ʙoladь.

rьjazьjat, çuƣrafьja, ьçtьmaьjat fənləriniꞑ əməlii işlərində həm şundaj qojьlьşь mymkin. ьçtьmaьjat dərsidə laʙartorьja usulьnьꞑ ʙu formasьnь qollanьşda jənə ʙir mьsal keltirəmiz.

məsələn, oqutucь xalq xoçalьƣь məs'ələlərni ergəngəndə ekənəmistləmiꞑ qandaj qьlьʙ işləgənləri toƣrьsьda oqucьlarnь tanьştьrьşnь istəjdi. oqutucь oqucьlarƣa tekşiriş—ʙirinci kerək matьrьjallar toplaş ycyn qulaj ʙolƣan ʙelgili ʙir rajonь sajlaʙ aladь, kejin ul oqucьlar ʙilən ʙirlikdə şu matьrьjallarnь toplaş ycyn pьlan tyzədi, qьlьnaturƣan işlərində ularƣa rəhʙərlik qьladь, kejin ʙu iş (ʙirinci kerək matьrьjallar toplaş) ʙaşlanadь. ʙundan soꞑra həligi matьrьjallarnь laʙaratorьja tekşiriʙ, işləʙ cьqьşƣa kirişilədi: ʙir xьl hadьsalarnь gyryppələrgə əçrətiʙ qojьladь. salьştьrьʙ korilədi və tekşiriʙ cьqьş asasьda ʙelgili ʙir nətiçəgə kelinədi. ʙunlarnьꞑ həmməsigə ʙir forma tysi ʙerilədi: həmmə matьrajallarnь ʙirgə toplaʙ tə'rif qьlьnadь istətistkə ma'lumatlarь, kartogrammalar, dijagrammalar tyzilədi və ʙaşqalar.

laʙaratorьja usulь qollanьʙ dərslər jyrgiziꞑniꞑ tə'lim-tərʙijəvii tamandan ʙyjyk əhəmijəti ʙarlьƣь toƣrьsьda sezjəməsə həm ʙoladь. ʙundaj iş oqucьlarnь

keв qьzьqtьradь, izləşkə, eçad etişkə ezinin jollarьnь вilgiləşkə zəmin воladь. mə'lym вolmaqan jəni вir nərsəgə ucramasalar həm, lekin ular tadqьqьь işlərnin ilmii usullarь вilən zahьrьь matьrьjallar ystidə tanьşadьlar.

laвaratorьja usulь tegişli şarajьt вolqanda qьna muvaffaqьjjat вilən qollanьlьşь mymkin ekənini kez aldьda tutьş kerək. həmmədən əvvəl вu usulnьn muvaffaqьjjatlь cьqьşьnь oqutьcьnьn ezi şu usulnь qollana вilişi, jaki qollana вilməslikigə qaraв jyrədi, zədənijələrni efada qьlьşda oqutucьnьn ezidən kəttə məharat tələв qьlьnadь. zədənijənin əncə aqьr və unca asan вolmaslьqь kerək. aqьr və kyc jetməjturqan zədənijələr oqucьlarda işləş arzusьnь joqatadь və adatda ular cetdən jardam izləjdi. вu esə mustaqьl iş sifətidə вolqan laвaratorьja usulьnьn qьjmatьnь joqqa cьqaradь. asan zədənijə esə əksincə oqucьqa ezinin aqlь qaвьlьjatlarьnь işlətməslikkə, kyc qojmaslьqqa səвəв воladь, asan вolqan zədənijəgə əhəmijət вerilməsdən işlənədi.

вundaj iş oqucьlarnь „aqlь jalqavlьq“ qa вerilişkə ginə səвəвci воladь. laвaratorьja usulьda işləş ycyn oqutucьnьn matьrьjal tanlaj вilişi tələв qьlьnadь. matьrьjalnьn şundaj tanlanьşь lazьmdьr, kim ul вir tərəfdən oqucьnь artьqca nərsələr вilən aqьr halqa qaldьrmasьn və ikinci tamandan unьn fikrini işləşgə məçвyr qьla alsьn.

laвaratorьja usulьdaqь dərslərdə ajnьqsa aqьr вolqan xьzmat, oqucь tamanьdan işnin qandaj tyzilişi toqrьsьda ezahat вeriş məs'ələsidir. şuna kerə oqutucь artьqca sezləв вerişigə qaraqanda sezləв вitirməsligi jaxşьraq ekənlikni həmmə vaqt esdə tutьş kerək. cynki artьqca sezləngəndə oqucьnьn faalьjatь kəməjişi mymkin. hal вu ki oqucьnьn faalьjatь laвaratorьja usulьnьn çanьdьr.

laвaratorьja usulьnьn muvaffaqьjatlь cьqьşь ycyn ikinci şarajьt məktəвnin oqucь işləjtьrqan matьrьjallar вilən tə'min qьlьnьşьdьr.

şefahьь matьrьjallar ystidə işləgəndə mənвə' воlьşь kerək, dərslik eməs, вu toqrьda juqarьda əjtilgən edi. laвaratorьja, fən usulьda apparatura, hər xьl çisimlər və tevərəkdəgi hajatdan alьnqan matьrьjallar mənвə' воladьlar. mənə вunlar şu nərsələrni təvsif qьlaturqan rəvişdə kitaвdan alьв sezlənəturqan matьrьjal вolьşь hec mymkin eməs.

laвaratorьja usulьnь qollanьş вu ьsulnь majdanqa keltiriş və laвaratorьja usulьda oquv işlərini alahьda təşkil qьlьş zəryrligini kersətədi.

## III—şora mehnət məktəвi qandaj usullar вilən fajdalanьşь lazьm

вiz məktəв işləridəgi hər xьl usullarnь qьsqaca вildiriв ketdik. şuna kerə şora məktəвidə вu usullardan qajsьlarь qollanrьq və ulardan qajsьlarь hec qolanьlmaslьq degən вir saval kelədi.

